2 BULAK 2000

ISSN 1005-0876



# بۇلاق

源泉（布拉克）



# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

21 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 71 ـ سان

2000

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

# بۇلاق

## 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان

## مۇندەرىجە


ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ............ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان(5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

تۇردى موللىنىڭ شېئىر ـ قوشاقلىرى ............ (21)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ............ ھېرمان ۋامبىرى(30)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باۋۇدۇن نىياز

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ............ (50)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەمتىلى سايىت

مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

ھايات بېغى (پوۋېست) ............ ل. بات(63)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جېلىل مۇھەممەت

مەشھۇر شەخسلەر

ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر قىزى نازۇگۇم توغرىسىدا ............ (87)

ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

مىللەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسى بالىلىق دەۋردىن باشلىنىدۇ ................. (92)
ئايگۈل ئابدۇرېھىم

## ئەجدادلار نەسىھىتى

«قابۇسنامە»دىكى پەند - نەسىھەتلەر توغرىسىدا ................ (102)
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى، ماينۇر روزى

## گېئوگرافىيە تەتقىقاتى

يەر ناملىرى توغرىسىدا ................. نىياز كېرىمى (109)

* *

خەتتات: نىياز كىرىم شەرقى
تەققاش: تۇردى قادىر نازىرى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالى

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدىكى فوتو سۈرەتلەرنى: ئابلىز خوجانىياز تارتقان.
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بەتلىرىدە: ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلىق نەمۇنىلىرى، «يىپەك يولى» (بېرلىن دىترىش رايمېر نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى) ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي» (جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى نەشرى) ناملىق كىتابلاردىن ئېلىندى. (ئابلېلىم ھېمىت فوتوسى)

# تارىخى رەشىدى [①]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللامۇھەممەدنىياز ئىبن ئەلدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## «تارىخى رەشىدى»نىڭ مۇقەددىمىسى

ئۇ پادىشاھقا ھەددى ھېسابسىز مەدھىيە ۋە قىياسسىز مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى، ئۇ زات شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ قەدىمىيدۇر، مەڭگۈلۈكتۇر ۋە ئەيىب ـ نۇقسانسىزدۇر. ئۇ ھەكىم «ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر» دېگەن ئايەت ئۇنىڭغا دەلىلدۇر. ئۇ ھەكىم (ئالىم) گە ئۇزلۇكسىز ماختاش ۋە تەشەككۇرلەر بولسۇنكى، ئۇنىڭ ھېكمىتى ئۈمىدسىزلىك ۋادىسىدا سەرسان بولغانلارنىڭ يۈزىگە رەھمەت ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. غەم ـ قايغۇ كوچىلىرىدا سەرگەردان بولغانلارنىڭ قولىغا ئۈمىد گۈللىرىنى بېرىپتۇ. «ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار» دېگەن ئۇلۇغ سۆزى بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ دەرگاھىدا يەر يۈزىنىڭ تەكەببۇرلىرى خارۇ زار ۋە بىئېتىباردۇر. پەقىرلىق ۋە ئاجىزلىق باياۋانىدىكى ئىگە ـ چاقىسىز ۋە سەرمايىسىز بىچارىلەر ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك داستىخانىدىن نېسىۋىدار ۋە بەھرىمەندۇر. شۇ قەدەر خەير ـ ئېھسان ئىگىسىدۇركى، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىنىڭ بەرىكىتىدىن قوبۇل قىلىنغۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە ئىقبال قۇياشى نۇر چېچىپتۇ. ئەيىبلەرنى ياپقۇچىدۇركى، پەلەكتەك قۇدرەتلىك پادىشاھلار ئۇنىڭ ئىلاھىيەت دەرگاھىدا ئىلتىجا ۋە تەلەپ قوللىرىنى تاۋازۇ ۋە يېلىنىش بىلەن ئېچىپتۇ. قۇدرەت ئىگىسىدۇركى، تۆرك جەڭگىۋارى دەپ ئاتالغان بەھرام (مىررىخ، مارس سەييارىسى) ئۇنىڭ ئۇلۇغ بارگاھىدا خىزمەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان بەشىنچى مەجلىس (ئاسمان) پاسىبانىدۇر. ھىندى باتۇرى دەپ ئاتالغان كەيۋان (زۇھەل، ساتۇرن) يۇلتۇزى ئۇنىڭ سەلتەنەت پەردىسى ئالدىدا تۇرشاۋۇللۇقتا بەلگىلەنگەن يەتتىنچى ئايۋان (ئاسمان) قاراۋۇلىدۇر. قىرى ئاتارۇد (سەييارىسى) بولسا ئەبەدىيلىك دىۋانىدا ئۇز ئەمرى بىلەن ياراتقان، «نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن» مەشغۇل بولۇشقا بەلگىلەنگەن نازارەتچىدۇر. نەزم:

جەنابىدا شاھانى كەردۇن مەدار،
ئېرۇر ئاجىزۇ قاسىرۇ خاكسار.
نە سەركەشكە فىل ـ غەۋر قەھر ئەيلەگەي،

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا

نە ئۇزر ئايتقانلارنى كەتكىل دېگەي.
ئاڭا خاس ئېرۇر كىبرىياۋۇ مەنىي،
كى مۇلكى قەدىيم ئولدى، زاتى غەنىي.

ئۇ زاتنىڭ جامالى بارگاھىنىڭ ئىشكى شۇ قەدەر يۇكسەكدۇركى، ئوي - پىكىر خەۋەرچىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇلۇغ سايىسىگە يېتىشكە ئاجىز، ئۇلۇغلۇق دەرگاھىنىڭ سەينالىرى شۇ قەدەر كەڭدۇركى، خىيال جاسۇسى ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا يېقىنلىشىــــشقا ئامالسىزدۇر. نەزم:

ئىززۇ ئەزىزۇ ئەھەدۇ زۇلجەلال،
جەللۇ جەلىيلۇ سەمەدۇ لايەزال.
دەرگەھى پاكىدا ئانىڭ شاھلار،
قول ئاچىبان، رەھمەتىن ئەيلەپ سۇئال.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پاك سالاملار ۋە بارلىق ئۇلۇغ مەدھىيىلەر بولسۇنكى، ئۇنىڭ لەۋھەلىرىنىڭ سەھىپىسى «ئاللا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تىلەيدۇ» دېگەن مەرھەمەت يارلىــــقى بىــــلەن زىننەتلەنگەن، نەزم:

نۇرىغە بائىس ئېرۇر پەرتەۋى قۇدۇس مەلەكۇت،
فۇيۇزىگە قائىمى ئەرش جەلالى جەبەرۇت.
نىسارى دەرگاھى سۇلتان سەلاتىنى باتاجۇ تەخت،
ۋە مەھرەمى ھەرەمى لى مەئەللاھۇ ۋەقت.

ئۇ شۇ قەدەرئىلىم ۋە دۆلەت ئىگىسىدۇركى، ئىيسا رۇھۇللا: «مەن ھەقىقەتەن ئاللا ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۇچى پەيغەمبەرمەن» دېگەن بېشارەتنى ئۇيۇقنىڭ ھەممە ئەتراپلىرىغىچە يەتكۈزگەن ۋە بۇ بېشارەتنىڭ شاراپىتى بىلەن «ئاللانىڭ ئىزنى (رۇخسىتى) بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن» دېگەن شەرەپلىك مەنزىلگە يېتىشتى. نەزم:

چۇ ئىيسا مەقدەمىڭدىن بەردى مۇژدە،
بۇ مۇژدە يۇمنىدىن تىرگۈزدى مۇردە.

مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ «ئاللا ئەھمەد (مۇھەممەد) نىڭ ئۇممەتلىرىنى يارانقاي» دېگەن ئارزۇ قوللىرىنى ئۇنىڭ ئەبەدىيلىككە ئۇلانغان دۆلىتىنىڭ غانجۇغىسىــغا قويدى. ئاشۇ ئارزۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئاپئاق خاسىيەتلىك قولغا ئېرىشىپ، بەخت - سائادەت تاپتى.
نەزم:

مۇھەممەد نۇرى ئەينى ئەھلى بىينىش،
گۇلى بوستان سەرايى ئافەرىدىنىش.

جەھان سەرۋەرلەرنىڭ سەرۋەرىدۇر،
داغى كەۋنەيننىڭ تاجى سەرىدۇر.

ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئەسھابلىرىگە ۋە ئەۋلادلىرىغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇنكى، ئۇلار تاللانغانلار تەختىگاھىنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىدە ئورۇن ئالغان ۋە «تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى تىلەيمەن» دېگەن خىتاب مەيدانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلىرىدۇر. ئۇنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى، دوستلىرى ۋە ياردەمچىلىرىگە دۇئا ۋە سالاملار بولسۇنكى، ئۇلار ھەقىقەت مەيدانىنىڭ جەسۇر جەڭچىلىرى، تەرىقەت دەرگاھىنىڭ ساداقەتمەن ئاشىقلىرىدۇر.

خۇسۇسەن، خەۋەرچىلەرنىڭ ئۇلگىسى، ياخشىلارنىڭ ياخشىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزباسارى، ئۇنىڭ غاردىكى يېگانە ھەمراھى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، راستچىل، ساداقەتمەن ئەبۇبەكرى سىددىق (تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ۋە ئۇنىڭغا سالام ئەۋەتكەي) قا، نەزم:

ئانداكى ئۇرماق ئۇلسە ۋەفاۋۇ سەخا دەمىن،
كىمدۇر دېمە، ھەزرەتى سىددىيق ئېرۇر يەقىن.

زاماننىڭ قابىلىيەت ئىگىسى، ئىزباسارلىق مەرتىۋىسىنىڭ ساھىبى، ساۋابلىق بىلەن خاتالىقنى (توغرا بىلەن خاتانى) ئېنىق ئايرىغۇچى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۇمەر ئىبنى خەتتاب (تەڭرىتائالا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) قا، نەزم:

يەتتى كەمال ئەۋجىغە دىن مېھرى ئۇل زەمان،
سايە سالدى زۇمرەئى ئىسلام ئۇزرە ئۇمەر.

«قۇرئان» نى جەملەپ چىققان، ھەرزامان مۇلايىملىق ۋە شەرم - ھايانىڭ كانى بولغان، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۇسمان ئىبنى ئەففان (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي، ئۇنىڭدىن رازى ۋە مەمنۇن بولغاي) غا، نەزم:

دېدىمكى مەن مەھى تبىرۇ ناھىدنى،
كېرەك ئەيلەمەك مەدھى خۇرشىدنى.

ھەشەمەتلىك، تەمكىن ۋە ئۇلۇغۋار ئىمام، دۇلدۇل ۋە زۇلپىقار ئىگىسى، «ھەممىدىن ئۇستۇن» دېگەن يارلىقنى تۇتقۇچى، «لافەتا» نامى بىلەن تونۇلغۇچى، سىر - ئەسرارلارنىڭ ئىگىسى، پەيغەمبەرنىڭ غالىب جەمەتى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب (ئاللا ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئاتا قىلغاي) قا، نەزم:

خۇدانىڭ ۋەلىيسى، رەسۇلغە ۋەسىي،
ۋەلىي ئېردى بىيشەككۇ شۇبھە ئەلي.

يۈزى ئول جىھەتدىن ئېرۇر چۈن قۇياش،
يۈزىن قىلدى تۆرتۈنچى چەرخ ئۈزرە پاش.

نەزم:

ئۆلكىم ئانىڭدە خەتمە ئېرۇر ئىلم ئىلە سەخا،
ئەممىزادەئى رەسۇل ئېرۇر، شاھى لافەتا.

دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن.

يەنە ئىككى شاھزادە ئىمامغا سانسىز سالام، مەدھىيىلەر بولسۇنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز قارچۇقلىرى، جىگەر پارىلىرى، ئەرشكە يەتكەن بۈيۈك زاتنىڭ ئامراق نەۋرىلىرى، پۈتكۈل ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى تەڭرىنىڭ دوستى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ كۆز نۇرلىرىدۇر. نەزم:

دەيىنۇ ئۇلار ھەم بۇلاردىن تەمام،
ھەمەسىگە يەتكەي دۇرۇدۇ سەلام.

ياخشىلارنىڭ خوجىسى، خۇش خەۋەرلەرنىڭ مەنبەسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرەپلىك تاغىلىرى بولغان ھەزرىتى ئەمىر ھەمزە ۋە ھەزرىتى ئەبباس — ئۇلار شەرىئەت چېدىرىغا تۈۋرۈك، دىن ئۆيىگە ئاساس ئىدى — قاتارلىقلارغا ۋە پاكلىقتا نامى كامال تاپقان ئون ئۇلۇغ ساھابىگە ۋە ئۇلارنىڭ پاك روھلىرىغا كۆپتىن كۆپ دۇئا ۋە سالاملار بولغايكى خىلاپەت تەختى ئۇلار ۋۇجۇدى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى، ئۇلار (ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ چېۋەر سەركەردىلىرى، شەرىئەت دۇنياسىنىڭ قابىل ھاكىملىرى) ئىدى — تەڭرىتائاللا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى ۋە مەمنۇن بولغاي.

بۇلاردىن كېيىن، ئۆتكۈر كۆزلۈكلەر نەزەرىگە ۋە دانىشمەنلەر كۆڭلىگە شۇ نەرسە مەخپىي قالمىغايكى، تەڭرىنىڭ مۇقەددەس ساماۋى سۆزلىرىدىن ئىبارەت بولغان ئالقىشقا سازاۋەر ئۇلۇغ كىتاب «قۇرئان» بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن بۈيۈك مۆجىزىلەر ۋە ئوچۇق - ئاشكارا ھۆججەتلەردىن بولۇش، «ئاللا سۆزلىرىنىڭ توپلىمى» سۈپىتى بىلەن تەرىپلىنىدۇ. ۋە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، بۈيۈك ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ يەككە يېگانىلىقى، ئىككىنچىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئۇنىڭغا تەڭرىنىڭ دۇئا ۋە سالاملىرى بولغاي — شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈملىرى، قالغان قىسمى بولسا تارىخلاردىن تەركىب تاپقاندۇر. دېمەك، «ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ» دېگەن ئايەت مەقسەتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قەدىمدە ئۆتكەنلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ مەنە بولسا، تارىخ ئىلمىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ئوچۇق دەلىل، كۈچلۈك پاكىتتۇر. بۇ ئىلمىنىڭ پايدا - مەنپەئەتلىرىنى ھەر ساھە، ھەر تائىپە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. كۆپ ساندىكى خالايىق، بەلكى ئالەم ئەھلىنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلىمگە ئەمەل قىلىدۇ ۋە بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن رىۋايەت، ھېكايەتلەر كەلتۈرىدۇ. ئۇنى ئۆزلىرىگە دەلىل - ھۆججەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قەتئىي رىئايە قىلىدۇ. بولۇپمۇ تۈركىي قوۋملەردە، ھەممە ھادىسىلەر، ھەرقانداق بىر مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە، بەلكى پۈتكۈل مۇئامىلە - ئالاقىلەردە ئۇلارنىڭ

سۆزلىرى ھىناسىنىڭ ئاساسى ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە ھېكايەتلىرىگە تايانغان بولىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئاجىز بەندىسى پېقىر مىرزاھەيدەر ئىسمى بىلەن تونۇلغان مۇھەممەد ھەيدەر ئىبنى مۇھەممەد ھۇسەين گۆرەگان ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقىمغا قارىماي، زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئىلاجىسىز بۇ ئىغىر ئىشقا قەدەم قويدۇم. چۈنكى، موغۇل خاقانلىرى شەھەر ۋە دىيارلارنى ئىشغال قىلىشتىن بارا - بارا كۆڭۈللىرى سوۋۇپ، سەلتەنەتلىرىدىن يىراقلاپ ئاۋات ئالەمنى تاشلاپ، بىپايان جەزىرىدە ۋە مال - دۇنيالىرى بىلەنلا قانائەتلىنىدىغان بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئارىسىدا تارىخ يېزىلماپتۇ. ئۇلار ئۆتكەنلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن ئاڭلىغان رىۋايەتلىرى ئارقىلىقلار ھېكايەت قىلىشىدۇ. ھالا تارىخقا توققۇز يۈز ئەللىك بىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە بۇ تائىپە ئارىسىدا بۇنداق ھېكايەتلەرنى يادقا بىلىدىغانلاردىن بىر كىشىمۇ قالماپتۇ. پېقىرنىڭ بۇنداق مۇشكۇل ئىشقا جۈرئەت قىلىشىم شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولدىكى، ئەگەر بۇ ئىشقا مەن جۈرئەت قىلمىسام ئىدى، موغۇل خانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ھايات سەھىپىسىدىن پۈتۈنلەي يوقالغان بولاتتى. مەن قانچىلىك ئويلىغان ۋە ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزەتكەن بولساممۇ، لېكىن ئۆزۈمدە بۇ ئىشقا يارىغۇدەك لاياقەتنى تاپالمىدىم، چۈنكى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە سۆز بېشى بۈيۈك تەڭرىنىڭ ھەمدۇ ساناسىۋە كەرەملىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدھىيە ۋەدۇئاسى بىلەن زىننەتلىنىپ، كۆركەملەشتۈرۈلىدۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. نەزم:

مەنى بىچارە سەۋدازادەئى سەرگەردان،
قايسى تىل بىرلە دەيىن ھەمدىئى خۇداۋەندان.
مەن كىمۇ ھەمدىگە، ھەيھات، دىلىم لەرزە قىلۇر،
ماڭا بەس، سۇرسەم ئەگەر زىكرى ھەدىسىغە زەبان.

شۇڭا، تەۋەررۇك ۋە تەمەننا يۈزىسىدىن «زەپەرنامە» نىڭ — بۇ ئارىفلار يېتەكچىسى، تەرىقەتئەھلىنىڭ يول باشچىسى، ئەسلى ئىلىملار ۋە تارماق ئىلىملارنىڭ يېتۈك ئالىمى، نەقىل ئىلمىنىڭ پېشىۋاسى مەۋلانا شەرەپىددىن ئەلى يەزدىي (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئاتا قىلغاي) نىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىندۇر — مۇقەددىمىسى، ئىپتىداسىنى ئەينەن نەقىل قىلدىم. چىڭگىزخاندىن تاكى تۇغلۇق تىمۇرخانغىچە بولغان موغۇل خانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە موغۇل ئەھلىنىڭ ھېكايەتلىرى مەۋلانانىڭ ئەسىرىدىمۇ كېيىنكى تارىخلاردىمۇ زىكىر قىلىنغان. ئەمما، تۇغلۇق تىمۇر خاندىن كېيىنكى خانلارنىڭ ئەھۋاللىرى تارىخ كىتابلىرىدا شەرھلەنمىگەن. پەقەت بەزى جايلاردا سۆز مۇرىتى كېلىپ قالغاندا باشقا خاقانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇشتا ئۆز بايانلىرىغا تەرتىپ ھاسىل قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن قانچىلىك بايان قىلىش كېرەك بولسا شۇنچىلىك يېزىپتۇ. ئۇنىڭدىن زىيادە يېزىشقا ئىلتىپات قىلىشماپتۇ. دېمەك، بۇ پېقىر بۇ تارىخنىڭ ئىپتىداسىنى تۇغلۇق تىمۇر خاننىڭ زىكىرلىرىدىن باشلىدىم.

بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۈچ: بىرى، تۇغلۇق تىمۇر خاندىن ئىلگىرىكى خانلارنىڭ ئەھۋاللىرى تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان. تۇغلۇق تىمۇر خاندىن كېيىنكى خانلار زىكرىنى ھېچ كىتابتا شەرھى قىلىنمىغان. دېمەك، تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنمىغان بۇ ھېكايەتلەرنى يېزىپ چىقىش لايىق كۆرۈلدى ۋە تۇغلۇق تىمۇر خاندىن ئىلگىرى

ئۆتكەن خانلارنىڭ زىكرى تەۋەررۇك زىيارەتگاھلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە بايان قىلىنىپتۇ. شۇڭا، ئۇلارنى يەنە قايتا بۇ كىتابتا تەكرار قىلماق گويا كى پۇرات دەرياسى لېۋىدە قۇدۇق قازغاندەك ئىش بولىدۇ. ئىككىنچى سەۋەب شۇكى، تۇغلۇق تېمۇر خاندىن كېيىن، ھېچبىر خانغا ئۇ دەرىجىدە ئۇلۇغ ئالىي مەرتىۋە، ئۇ قەدەر كۆپ پەتھى - نۇسرەت ۋە ئۇ قەدەر ئۇلۇغلۇق ۋە سەلتەنەت مۇيەسسەر بولماپتۇ. ئۈچىنچى سەۋەب شۇكى، موغۇل خانلىرىدىن ئاشۇ تۇغلۇق تېمۇر خان ئىسلام شارائىتىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن، تامام موغۇل ئەھلى كۇپۇرلۇق ئاسارىتىدىن خالاس بولۇپ، باشقا خالايىقلارغا ئوخشاش ئىسلام ھۆررىيىتىگە داخىل بولۇپتۇ. دېمەك، مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بۇ تارىخ تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك زىكرلىرى بىلەن ئىپتىدا قىلىندى.

يەنە ئۈچ تۈرلۈك مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن بۇ تارىخ «تارىخى رەشىدىي» ئاتالدى: بىرىنچىدىن، تۇغلۇق تېمۇر خان ھەزرىتى مەۋلانە ئەرشىددىننىڭ قوللىرىدا مۇسۇلمان بولۇپتۇ. بۇنىڭ بايانى پات - يېقىندىلا زىكرى قىلىنغۇسى. ئىككىنچىدىن، تۇغلۇق تېمۇر خاندىن ئىلگىرى بەراق خان ۋە بەراق خاندىن كېيىن كېپەك خان مۇسۇلمان بولۇپتۇ. ئەمما، موغۇل خانلىرى ۋە موغۇل ئۇلۇسى ئىسلامدا رۇشدى① رۇشد تاپماپتۇ. بەلكى مۇرتەد بولۇپ (يېنىۋېلىپ)، جەھەننەم يولىنى تۇتۇپتۇ. ئەمما، بۇ دۆلەتمەن تۇغلۇق تېمۇر خان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، موغۇل ئۇلۇغسىغا ئىسلامدا تەلتۆكۈس رۇشدى ھاسىل بولدى. بۇ كىتابنىڭ ئىپتىداسى تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ زىكرلىرى بىلەن باشلانغان بولغاچقا، بۇ تارىخنى «رەشىدىي» ئىسمى بىلەن ئاتىماق مۇناسىپ كۆرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، ئاشۇ موغۇل خانلىرىنىڭ ئاخىرى بۇ كۈنلەردە ئەبدۇررەشىد خاندۇر. بۇ تارىخ ئۇنىڭ ئېتىغا ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئاتاپ يېزىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۈچ تۈرلۈك مۇناسىۋەت بىلەن بۇ تارىخقا «تارىخى رەشىدىي» دەپ ئات قويۇلدى. بۇ تارىخ ئىككى دەپتەرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى دەپتىرىدە، تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ بايانلىرىدىن، تاكى ئەبدۇررەشىدخاننىڭ زىكرىغىچە بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى دەپتىرىدە، پېقىرنىڭ ئەھۋاللىرىم ۋە ئۆزبېك، چاغاتاي خانلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن پېقىر كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم — چۈنكى، مەن ئۇ جامائەتكە ئەسىرداش ئىدىم — ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى پېقىرنى پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزىنىڭ كەم - كۈتىسىز ئىنايىتى بىلەن موغۇل ئۇلۇسىدىن تاشقىرى، ئۇلاردىن پەرقلىق ۋە ئۇلارغا بىھاجەت قىلىپتۇ. خانلار مېنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىمدىن، بەلكى خال ۋە ھامىلىرىمدىن بولغان تۇرۇقلۇق ئۇلاردىن ماڭا شۇ دەرىجىدە ناچار، شۇنچە ناساز ئىشلار ۋە تۇراقسىز مۇئامىلىلەر سادىر بولدىكى، ئىككىنچى دەپتەردە، بۇ ھەقتە ئازراق زىكرى قىلىنىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى قىساس ئۈچمەنلىك شۇ دەرىجىدەدۇركى، مەسلەن پېقىرنىڭ ئىسمىم ھەيدەردۇر، بۇ « ھاياتلىق مەنىدىدۇر» دېگەن مەنىگە ئىگە. ئۇلار ئەگەر بۇ مەنىنى پەملىسە، ئەلۋەتتە مېنىڭ بۇ پىكرىمگە قارشى بىر مۇھىم ئىشنى ئىختىيار قىلىدۇ. نەزم:

سەن ئەگەر ئەيلەسەڭ بېھىشتكە ئەزم،
ئۆزگىلەر دەۋزەخ ئىختىيار قىلۇر.

مېنىڭ ھەسبۇ ھالىم بۇدۇركى، نەزم:

① رۇشدى — (1) توفرا يول تېپىش، توغرا يولغا چۈشۈش؛ (2) يېتىلىش، يېتۈكلۈك، كامالەت.

سېنىڭدۇر غەمىڭ يارى ناگۇزىرىمدۇر،
جەفا قىلغۇر ئېسەڭ گۈل بارچە دىلپەزىرىمدۇر.
ماڭا بەس ئۇشبۇ سائادەتكى، چۈن مېنى كۆرسەڭ،
دىلىڭغا كەچسەكى: ئۇشبۇ گەدا ئەسىرىمدۇر.

پېقىرنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ ئاتىسى تا نەچچە پۇشتىغىچە ھەممىسى خانلارنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىدۇر. بۇ تەرەپتىن نەسەب ئاشۇنداق: شۇ تۇپەيلىدىن پېقىر ئۇچ ياش ۋاقتىمدا ناھايىتى غېرىب ۋە يېتىملىك ھالىتىمدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولغانىدىم. سۇلتان سەئىدخان ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن مېنى يېتىملىك تەسىرىدىن خالاس قىلدى. مۇھەببەت ۋە تۇغقانلىق مېھىر - شەپقىتىنى شۇ قەدەر چىك ۋە ئۇزۇنغىچە كۆرسەتتىكى، ئۇنىڭغا ھەتتا خاننىڭ بۇرادەرلىرى ۋە پەرزەنتلىرىمۇ ھەسەت قىلىشاتتى. تاكى 24 يىل ئۇ خاننىڭ جەننەت ماكان خىزمىتىدە ھۇنەر - كەسىپلەردىن ئەخلاق - پەزىلەتلەردىن ۋە ئىلىم مەرىپەتلەردىن تەلىم ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇلۇغلۇق ۋە ھەشەمەت بىلەن ھايات كەچۈردۈم. خەت پۈتمەك، شېئىر ئېيتماق، ئىنشا (نەسىر يېزىقچىلىقى) رەسساملىق، نەققاشلىق ئىلىملىرىدە، زاماننىڭ مۇمتاز، بەلكى ماھىرلىرىدىن بولدۇم. يەنە ئۆزگە ھۈنەرلەردە، مەسىلەن خاتەم بەند (مۆھۈر — ئۈزۈكچى) لىك، ھەككاك (تاشچى، تاش ئويمىچى) لىق، زەرگەرلىك، سەرراج (ئىگەرچى) لىق، چۆپ تاراش (ياغاچ قىرغۇچى، قىرمىچىلىق) لىق، مۇغەننىي (نەغمىچى، سازەندە) لىك، ئوقياچىلىق ۋە باشقا تۈرلۈك كەسىپلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ شەرھىلەنسە گەپ ئۇزىرايدۇ. قىسقىسى، ھەممە ھۈنەر - سەنئەتلەردە شۇ دەرىجىگە يەتتىمكى، ئۇ ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ پېتۈك ئالىملىرى ۋە ماھىر ئۇستازلىرى پېقىرغا شاگىرت بولماققىمۇ ئاجىز كەلدى. بۇ ھەممە پەزىلەت ۋە ھۈنەرلەرنى ئىگىلىشىمگە خاننىڭ سايە - سەۋەبلىرى ۋە تىرىشچانلىقلىرى سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەلتەنەت ئىشلىرى، كېڭەش مەسلىھەت ئۇسۇللىرى، جەڭ قائىدىلىرى، كېچىلىك ھۇجۇم، ئوقيا ئېتىش، ئوۋ ئوۋلاش، ئوۋغا يېتەكچىلىك قىلىش، قاتارلىق دۆلەت ئىشلىرىدا زۆرۈر لازىم بولغان بارلىق كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇستازىم، ۋە تەربىيىچىم ھەزرىتى خان ئىدى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ھۈنەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يەنە خانغا شاگىرت ئىدىم. ئاشۇنداق سائادەتمەن خاننىڭ پەرزەنتىدىن پېقىرغا شۇقەدەر مۇئامىلىلەر يەتتىكى ئۇنىڭدىن يامانراق ۋە قاتتىقراق مۇئامىلە يوق ئىدى. ئۇ مۇئامىلىلەرنى خاننىڭ ماڭا قىلغان ئېھسانلىرى ۋە مۇرۇۋۋەتلىرىگە مۇقابىلە قىلمەن. مەيلى قوبۇل قىلسۇن، مەيلى رەت قىلسۇن، بۇ كىتابنى خاننىڭ پەرزەنتىنىڭ ئېتىغا ئاتاپ يازىمەن. تاكى بۇ كىتاب مەندىن ئۇنىڭغا ۋە ئالەم ئەھلىگە يادىكار قالغاي. بۇ كىتابنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ ئىسمىدىن ئېلىندى. ئۇنىڭ مۇبارەك ئۇنۋانلىرىنى يىغىنچاق ئېيتقاندا مۇنداق: خاقان ئىبنۇل - خاقان سۇلتان ئىبنۇس - سۇلتان ئەلمۇتەۋەككىل ئەلەللاھۇل - مەلىكۇل - مەننان ئەبۇل - مۇزەففەر ئەبدۇررەشىدخان ئىبنى سۇلتانۇل — مەبرۇر ۋە خاقانۇل — مەغفۇر ئەسسەئىدۇش - شەھىد ئەبۇل فەتھ سۇلتان سەئىدخان غازى خان، نەزم:

سىفاتىڭنى ئايىتماققا ھەيدەر تىلى، كى ئول كوھىقافى جەلالەتدۇرۇر.
ئىرۇر گۇڭگۇ، نەھەد مەقالەتدۇر. كى جاھى جەلالىڭدىن، ئەي شەھرىيار،
مۇھىتى ئەزىيم شاھى ئەبدۇررەشىد، دېمەك مۇندىن ئارتۇق مەلالەتدۇرۇر.

# «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئىپتىداسى

ھەممىنى ياراتقۇچى مۇقەددەس تەڭرى ئەزەل كۈندە پۈتۈن روھلارنى ياراتقاندا، «مەن كىم» دېگەن نىداسى بىلەن پۈتكۈل ئەرۋاھلارغا ئورتاق خىتاب قىلدى. بەزىلەرنى سائادەت بىلەن «پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ئاللا» دېيىش شەرىپىگە ئېرىشتۈرۈپ، توغرا جاۋاب بېرىشكە مۇۋەپپەق قىلدى. بەزىلەرنى خارلىق بىلەن «ئاللا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن» دېگەن داغۇ ھەسرەتلىك تامغىنى ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە باستى. «ئۇلار گاسدۇر (ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)» دېگەن ئايەتنىڭ مۇھۇرىنى ئۇلارنىڭ تىللىرىغا باستى. تەڭرىتائالانىڭ شۇنچە كامىل ھېكمىتى ئالدىدا ئالدىنقى قوۋمگە ئۇ تەۋپىق - ھىدايەت ۋە كېيىنكى گۇرۇھقا بۇ گۇمراھلىق پالاكەتلەر ئەقىل دائىرىسىدىن تاشقىرىدۇر. تەڭرىنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە ئارتۇقچە پىكىرلەرنى قىلىش مەنئى قىلىنغان. بەندە بولسا رازىلىق ۋە تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇلغان. بۇ جەھەتتىن ئىمان گەرچە دىن بىلەن تەستىقلاپ تىل ئىقرار قىلىش دېمەكتۇر، ئەمما ھەقىقەتتە ئىمان غەيىبكە ئىشىنىش دېمەكتۇر. بۇ دۆلەتكە ئەقىل يولى بىلەن يول تاپماق مۇمكىن ئەمەس. نەزم:

ئاڭا ئەقىل ئېرۇر جۇملەسى پىچ - پىچ،
خۇدادىن بۆلەك يوق جاھان ئىچرە ھېچ.

ھىدايەت ئەزەلىيدۇر، ئىنايەت ئەبەدىيدۇر، ھىدايەت غەيىبكە ئىمان كەلتۈرمەكتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ مۇھەببىتى ھېچبىر كەشپىيات ئىگىسى تۇسۇپ قالالمايدىغان مەكتەپتۇر. ھەزرەتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — دىن «مەرىپەت (تونىماق) دېگەن نېمە» دەپ سورالغاندا، ئۇ زات جاۋاب بېرىپ: «مەن خۇداۋەندى ئالەمنى خۇداۋەندى ئالەم بىلەن تونۇدۇم، خۇداۋەندى ئالەمدىن باشقىلارنى خۇداۋەندى ئالەمنىڭ نۇرى بىلەن تونۇدۇم.» دېگەنىكەن. قىسقىسى، تەڭرىتائالا تەننى ياراتتى، ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى، ھاياتلىقىنى تۇپراققا ھاۋالە قىلدى. كۆڭۈلنى ياراتتى، ئۇنىڭ ھاياتلىقىنى ئۆزىگە ھاۋالە قىلدى. دېمەك، ئەقىلدە تەننى ھايات قىلماق قۇدرىتى يوقتۇر. ئۇنداقتا قانداقمۇ كۆڭۈلنى ھايات قىلالىسۇن. شۇڭا، خۇدايتائالا بۇ ھەقتە «ئەسلىدە ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئۇنىڭ قەلبىنى) تىرىلدۈرگەن» دەپ ئېيتقان. تەڭرى دىلنىڭ ھاياتلىقىنى ئۆزىگە ھاۋالە قىلىپتۇ ۋە: «بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن» ئەيتىپدۇركى دەپتۇ. ياراتقۇچى بۈيۈك تەڭرى: «مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىنىڭ روشەنلىكى بولغان نۇر مەندۇرمەن» دەپتۇ. تەڭرى يەنە: «ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز كۆڭلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان ئادەمگە ئەگەشمىگىن» دەپتۇ. كۆڭۈلنىڭ ئورامى، دائىرىسى، شەرھى، ۋە ئۇنىڭ خاتىمىسى پەقەت تەڭرى بىلەندۇر. ئۇنى بىلمەككە تەڭرىدىن باشقا رەھنەما يوقتۇر. خۇدايىتائالادىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كېسەل قولدۇر. قول كېسەل بولسا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يولنى كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ پەردىنى ئېچىشقا تەڭرىدىن ئۆزگە ھېچكىم يول كۆرسىتەلمەيدۇ. بەندىنىڭ غەيىبكە ئىشىنەلىشى قېيىندۇر. ئەگەر ئەزەلىي ھىدايەتنىڭ مەيىن شامىلى يەتسە، كۆڭۈل گۈلىدىن ئىمان غۇنچىسى ئېچىلغۇسىدۇر. ئەگەر ھىدايەت مۇيەسسەر بولمىسا گەرچە بوران - چاپقۇنلار زەربە قىلغان تەقدىردىمۇ كۆڭۈل گۈلىنىڭ بىخ ۋە يىلتىزلىرى بىلەن

يۇلۇۋەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل بەرگىلىرى ئېچىلمايدۇ. نەزم:

پەرىشان قىلۇر كۆڭلىنى بادى سەھەر،
ئوتۇننى يارالماسلار ئىللا تەبەر.

خۇددى پىرى ھىرات — تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — ئېيتقىنىدەك كەبىدىن ئەبۇ جەھىلمۇ چىقىدۇ. بۇتخانىدىن ئىبراھىممۇ چىقىدۇ. دېمەك، ئىش تەڭرىنىڭ ئىنايىتىگە باغلىق. باشقىسىنىڭ ھەممىسى باھانە.

بۇ مۇقەددىمىلەردىن مەقسەت تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولماقلىرىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلماقتىن ئىبارەتتۇر. سەۋەب شۇ ئىدىكى، تەڭرى شەيخ جەمالىدىننى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. تۇغلۇق تېمۇر خان ئىتلىرىغا توڭگۇز گۆشى يېگۈزۈپ تۇراتتى. خان شەيختىن سورىدى: «سەن ياخشىراقمۇ ياكى ئىت ياخشىراقمۇ؟» شەيخ جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر ئىمان مېنىڭ بىلەن بولسا، مەن ياخشى، ئەگەر مەندە ئىمان بولمىسا مەندىن ئىت ياخشىدۇر» دېدى. خانغا بۇ سۆز قاتتىق تەسىر قىلدى. ۋە ئىسلامنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ كۆڭلىدە قارار تاپتى. بۇ ھەقتىكى قىسسە تەڭرىتائالا خالىسا كېيىنرەك تەپسىلىي شەرھلەنگۈسى.

تۇغلۇق تېمۇر خان ئىسان بۇغا خاننىڭ ئوغلىدۇر. ئىسان بۇغا خاننىڭ نەسەبى مۇنداق: ئۇ دەۋاچى خاننىڭ ئوغلى، دەۋاچى خان بەراق خاننىڭ ئوغلى، بەراق خان قاراسۇبۇ خاننىڭ ئوغلى، قارا سۇبۇ خان چاغاتاي خاننىڭ ئوغلى، چاغاتاي خان چىڭگىز خاننىڭ ئوغلى، چىڭگىز خان بوسۇكاي خاننىڭ ئوغلى، بوسۇكاي خان بەرەتان خاننىڭ ئوغلى، بەرەتان خان قەبال خاننىڭ ئوغلى، قەبال خان تۇمىنە خاننىڭ ئوغلى، ئۇ بايسۇنقۇرخاننىڭ ئوغلى، بايسۇنقۇرخان قايدۇن خاننىڭ ئوغلى، قايدۇن خان دۇمەن خاننىڭ ئوغلى، ئۇ بوقا خاننىڭ ئوغلى، بوقا خان بۇزەنجىر خاننىڭ ئوغلى، بۇزەنجىر خان ئالانقۇ كۆركلۇكنىڭ ئوغلى، ئالانقۇ پاك مەسۇمە ئايال ئىدى. «زەپەرنامە»نىڭ باش قىسمىدا ئۇنىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ روشەن نۇر ئۇ ئايالنىڭ ھەلقۇمىگە كىردى. ئۇنىڭدىن ھامىلىدارلىق تاپتى. خۇددى ئىمران قىزى مەريەمگە ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تەڭرىتائالانىڭ قۇدرىتىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر. نەزم:

ئىشەنسەك چۇ مەريەم ھېكايىتىنى،
بىلۇرسەن ئالانقۇانىڭ ھالاتىنى.

بۇ كىتابتا مەقسەت بۇزەنجىر خاننىڭ ئانىسىدىن ئاتىسىز تۇغۇلغان ھېكايىسىنى بايان قىلىش ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ئالانقۇ كۆركلۇكنىڭ نەسەبى پۈتكۈل تارىخلاردا ئېنىق شەرھلەنگەن بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسكە يېتىدۇ. ئالانقۇنىڭ ئەجدادىنىڭ ھەربىرلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى تەپسىلاتى بىلەن ھەممە تارىخلاردا زىكىر قىلىنغان. شۇڭا، گەپنى ئۇزارتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، بۇيەردە زىكىر قىلىنمىدى. بۇ كىتابتىكى مەقسەت شۇكى، موغۇلنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ۋەقەلىرى زىكىر قىلىنغۇسىدۇر. بۇ مەقسەت - مۇددىئا كىتابىمىزنىڭ بېشىدىمۇ زىكىر قىلىنىپ ئۆتتى.

# تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىغايكى، موغۇلنىڭ ئۇلۇغ ۋە بىلەرمەن كىشىلىرىدىن پېقىر مۇنداق ئاڭلىغانىدىم ئاتام ۋە تاغام — تەڭرىتائالا ئۇلارغا بېھىش بېغىدىن ئورۇن بەرگەي — لارمۇ مۇنداق رىۋايەت قىلاتتى: تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ ئاتىسى ئىسان بۇغا خاننىڭ ئىككى ھەرىمى (خوتۇنى) بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئىسمى ساتىلمىش خاتۇن، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى بولسا مەڭلىك خاتۇن ئىدى. ئىسان بۇغا خاننىڭ ھېچ پەرزەنتى يوق ئىدى. ساتىلمىش خاتۇن ھەرەملىرىنىڭ ئۇلۇغى ئىدى. ئىسان بۇغا خان بىر تەرەپكە لەشكىرىي ئىش بىلەن كېتىپ قالدى. موغۇل خەلقىنىڭ رەسمىي قائىدىلىرى شۇكى ھەرەملەرنىڭ ھوقۇقى چوڭ ھەرىمى (خوتۇنى) دە بولىدۇ، خاننىڭ كىچىك ھەرەم (خوتۇن) لىرىدىن قايسىسىنى خالىسا تۇرغۇزىدۇ، خالىمىسا ئەرگە بېرىدۇ. ئاشۇ كۈنلەردە مەڭلىك خاتۇننىڭ ئىسان بۇغا خاندىن ھامىلىدار بولغانلىقى چوڭ خوتۇن (ھەرەم) غا ئايان بولدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قاتتىق كۈنداشلىق ۋە قىزغىنىش پەيدا بولدى. مەڭلىك خاتۇننى ئىسان بۇغا خاننىڭ ئۇلۇغ ئەمىرلىرىدىن شىراۋۇل دۇختەۋى ناملىق كىشىگە خوتۇنلۇققا بېرىپ ئۇنى بىرياققا ماڭدۇرۇۋەتتى. ئىسان بۇغا خان لەشكىرى ئىشلاردىن يېنىپ كېلىپ مەڭلىك خاتۇننى سورىدى. ساتىلمىش خاتۇن: «ئۇنى بىر كىشىگە بۇيرۇپ بەردىم» دېدى. خان: «بۇ ئىش ياخشى بولماپتۇ. چۈنكى، ئۇ مەندىن ھامىلىدار ئىدى» دېدى. لېكىن، بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچنېمە دېيەلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ رەسىم — قائىدىلىرى شۇنداق ئىدى. ئەمما خان بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئاغرىندى، رەنجىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خان ئالەمدىن ئۆتتى. موغۇل ئۇلۇسى ئىچىدە خان قالمىدى. شۇ سەۋەبتىن موغۇل خەلقىگە ۋەيرانچىلىق يۈزلەندى. پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ بوۋام ئەمىر پولاچى دوغلات بىر خان پەيدا قىلىپ، مەملىكەتنىڭ قانۇن - تەرتىپلىرىنى تۇرغۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مۇشۇ غەرەز بىلەن تاشتېمۇر ناملىق كىشىگە شىراۋۇل دوختەۋىنى ئىزدەپ تېپىپ، مەڭلىك خاتۇننىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنىڭدىكى ھامىلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، ئەگەر ئوغۇل تۇغۇلغان بولسا ئوغۇرلاپ قېچىپ ئېلىپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. تاشتېمۇر مۇنداق دېدى: «بۇ ئىشنىڭ مۇددىتى ۋە يولنىڭ مۇساپىسى بەكمۇ ئۇزۇن بۇ سەپەرگە يول ئوزۇقلىرىنى يەتكۈزۈش قېيىن. شۇڭا، ئۈچ يۈز ئەچكۈ (ئۆچكە)، ئىنايەت قىلغايسەن. مەن ئۇلارنىڭ سۈتىنى ئىچىپ، شۇلار بىلەن غىزالىنىپ پۈتكۈل موغۇلىستان ئەتراپىنى كېزىپ، بۇ مەقسەت ۋە تەلەپنى قولغا كەلتۈرگەيمەن».

شۇنداق قىلىپ ئەمىر پولاچى تاشتېمۇرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈچ يۈز ئەچكۈ بېرىپ يولغا سالدى. تاشتېمۇر ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە موغۇلىستان ئەتراپلىرىدا شۇ مەقسەتتە ئىزدىنىپ يۈردى تاكى ئۈچ يۈز ئەچكۈدىن بىر كۆك ئەچكۈ قالغان چاغدا ئاندىن شىراۋۇل دۇختەۋىنىڭ خەلقلىرىگە ئۇچراشتى. مەڭلىك خاتۇننىڭ پەرزەنتلىرىنى ئېنىقلاپ سورىدى. ئۇلار ئېيتتىكى: «مەڭلىك خاتۇن ئىسان بۇغا خاندىن ھامىلىدار ئىدى ئوغۇل تۇغدى. ئاندىن كېيىن دۇختەۋىدىن يەنە بىر ئوغۇل تۇغدى. خاندىن بولغان ئوغلىغا تۇغلۇق تېمۇر خان دەپ ئات قويدى. شىراۋۇل دۇختەۋىنىڭ ئوغلىغا ئىنجۇ مەلىك دەپ ئات قويدى».

ئەل قىسسە، تاشتېمۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇغلۇق تېمۇر خاننى بىر يول بىلەن ئېلىپ قاچتى ۋە ئەمىر پولاچىنىڭ يېنىغا قاراپ يول ئالدى. ئەمىر پولاچى ئاقسۇدا ئىدى. چۈنكى، چاغاتاي خان مەملىكەتلىرىنى تەقسىم قىلغاندا ماڭلاي سۆيەنى ئەمىر پولاچىنىڭ بوۋىسى ئورتۇ

بۇرافە بەرگەنىدى. «ماڭلاي سۈيە» دېگەن سۆز ئاپتاپ يۈزلۈك دېگەن بولىدۇ. ماڭلاي سۈيەنىڭ چېگرىسى شەرقىي كۇسان (كۇسەن، كۇچا) دىن تاكى بۇگۇركىچە، غەربىي پەرغانىنىڭ يىراق ئاخىرقى ۋىلايىتى بولغان سام، غەر ۋە چاقىشمانغىچە، شىمال تەرىپى ئىسسىقكۆل، جەنۇب تەرىپى چەرچەن ۋە سېرىق ئۇيغۇر يۇرتىغىچە ئىدى. بۇ چېگرىنىڭ ئىچىنى ماڭلاي سۈيە دەپ ئاتايدۇ. بۇ چېگرىنىڭ ئىچىدىكى تامامى ۋىلايەتلەر ئەمىر پولاچىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. ئۇ زامانلاردا بۇ ھۇدۇت ئىچىدە بىرنەچچە شەھەرلەر بار ئىدى. ئۇ شەھەرلەرنىڭ چوڭراقلىرى قەشقەر، خوتەن، يەركەن ئۆزگەند، كاسان، ئاخسىكەنت، ئەندىجان، ئاقسۇ، ئاتباشى ۋە كۇسان (كۇسەن) قاتارلىقلار ئىدى. ئەمىر پولاچى ئاقسۇدا تۇراتتى. تاشتېمۇر تۇغلۇق تېمۇر خاننى تاپقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىرلا كۆك ئەچكۈسى قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن تاشتېمۇرگە كۆك ئەچكۇ دېگەن لەقەم قويۇلدى، ھازىرمۇ تاشتېمۇرنىڭ نەسلىدىن بىر جامائە خالايىق بار، ئۇلارنىڭ لەقىمىمۇ كۆك ئەچكۇدۇر. شۇنداق قىلىپ تاشتېمۇر تۇغلۇق تېمۇر خان بىلەن بىللە ئاقسۇغا يېقىن يەتكەندە بىر توپ سودىگەرلەر بىلەن ھەمراھ بولدى. ئۇلار مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى مۇز يېرىلدى، خان مۇزنىڭ يېرىقىدىن مۇز تەكتىگە چۈشۈپ كەتتى. تاشتېمۇر سودىگەرلەرنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ سودىگەرنىڭ ئىسمى بەگچەك ئىدى. تاشتېمۇر ئۇنىڭغا خاننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئاندىن بەگچەك قالغان ھەمراھلىرىغا بۇ ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئاڭلاتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممە سودىگەرلەر تاشتېمۇرگە ھەمراھ بولۇپ مۇز يېرىلغان يەرنىڭ ئۈستىگە باردى. بەگچەك مۇزنىڭ تېگىگە چۈشتى. قارىسا خان سالامەت تۇرۇپتۇ. بەگچەك خاندىن ئىلتىپات ۋە ئىنايەت قىلىشقا ۋەدە ئالدى. ئاندىن: «ئاۋۋال سىز چىقسىڭىز مېنى ھېچكىم تارتىپ چىقىرىۋالمايدۇ — دە، مەن بۇ يەردە قېپ قالىمەن. ئەگەر مەن ئاۋۋال چىقسام جانابىڭىزنى چىقارماي ھېچ ئىلاج يوق.» دەپ، بۇ توغرىدا كۆپتىن - كۆپ ئۆزرىخالىقلار ئېيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىدىكىلەرنى چاقىرىپ: «ئارغامچىنى تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ئارغامچىنى سالدى. ئاۋۋال بەگچەك چىقتى ئاندىن خاننى چىقاردى.

شۇنداق قىلىپ خاننى ئاقسۇغا — ئەمىر پولاچىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ئەمىر پولاچى تۇغلۇق تېمۇر خاننى خان قىلىپ كۆتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل موغۇلىستان، بەلكى چاغاتاي يۇرتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تۇغلۇق تېمۇر خان ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىنچە بايان قىلىنغۇسى.

## تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ ئىسلامغا مۇشەررەف بولغانلىقىنىڭ بايانى

ھەزرىتى مەۋلانا ئەھمەد — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىن — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. تەۋەررۇك ۋە تەقۋادار زات ئىدى. ئۇنىڭ نەسەبلىرى ئىچكى جەھەتتىن خوجىلار — تەڭرى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ سىلسىلىلىرىگە تۇتىشاتتى. پېقىر مۇھەممەد ھەيدەر مەۋلانا خوجا ئەھمەد — سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ھەزرەتلىرىگە يىگىرمە يىل مۇلازىمەت قىلدىم. ئىككى جامە مەسچىت بار ئىدى، ئۇ زاتنىڭ ئىبادەتگاھى شۇ يەردە ئىدى. ئاندىن ئۆزگە جايدا ئۇ زاتنى ئۇچراتمىدىم. ئۇ زات ھەمىشە ئىبادەتگاھنىڭ بىر بۆلۈكىدە خىلۋەتتە ئولتۇراتتى. دائىم ۋەزگويلار قاتارىدا جامائەتكە قاراپ ئولتۇراتتى. سۇفىيە ئەھلى — تەڭرى

ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — سۆزلىرىنى ناھايىتى ياخشى بايان قىلاتتى. ھەرقانداق مۇناسىۋەتسىز كىشىمۇ ئۇ ھەزرەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسا تەسىرلىنەتتى.

پېقىر ئاشۇ مەۋلانا خوجا ئەھمەد ھەزرەتلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم، ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ ئاتا ۋە ئەجدادىمىزنىڭ تارىخلىرىدا مۇنداق يېزىلغان: مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇد بولسا مەۋلانا ھافىزىددىن كەبىرى بۇخارىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئىنىسى ئىدى. مەۋلانا ھافىزىددىن بولسا مۇجتەھىدلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىلىرىدىن بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىن مۇجتەھىد پەيدا بولماپتۇ. چىڭگىزخانىنىڭ تالاپىتىدە بۇخارا ئۇلۇغلىرىنى يىغىپتۇ، چۈنكى چىڭگىزخانىنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مەۋلانا ھافىزىددىنىنى شېھىت قىپتۇ. مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇدنى ئۆي — ۋاقلىرى بىلەن قوشۇپ كۆچۈرۈپ، قارا قۇرۇمغا ئېلىپ بېرىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ. مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇد قارا قۇرۇمدا ۋاپات بولۇپتۇ. ئاندىن كېيىن قارا قۇرۇم خاراب بولغاندا، مەۋلانا شۇجائىددىنىنىڭ ئوغلى خوتەن بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى بىر ئۇلۇغ شەھەر — كېتەك شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپتۇ. ئۇ زات ئۇ شەھەرلەردە ناھايىتى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە ئەۋلاد شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ.» مەۋلانا خوجا ئەھمەد ھەزرەتلىرى ئۇ ئەۋلادلارنىڭ ھەممىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ئىش ئەھۋاللىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەنىدى. ئەمما، پېقىرنىڭ خاتىرەمدىن چىقىپتۇ. خۇلاسە شۇكى، ئۇ ئەۋلادلارنىڭ ئاخىرقىسىنىڭ ئىسمى شەيخ جەمالىددىن بولۇپ، ناھايىتى تەقۋادار ۋە ئۇلۇغ كىشى ئىكەن، شەھىرى كېتەكتە تۇرۇۋاتقانىكەن. ئۇ زات بىر جۈمە كۈنى جۈمەدىن يېنىپ ۋەز ئېيتىپتۇ، خالايىققا خىتاب قىلىپ: «ئەي خۇدانىڭ بەندىلىرى، ئىلگىرى سىلەرگە نەچچە نۆۋەت ۋەز — نەسىھەت قىلغانىدىم، ھېچبىرىڭلار نەسىھىتىمگە ئۇنىمىدىڭلار! مانا ئەمدى ماڭا شۇنداق مەلۇم بولدىكى، خۇداۋەندى ئالەم بۇ شەھەرگە چوڭ بالا - قازا ئەۋەتىدۇ. ماڭا بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش ھەققىدە پەرمان ۋە ئىزنى بولدى. تەڭرىتائالانىڭ رەھمىتى بىلەن بۇ بالادىن قېچىپ خالاس بولارمەن. ئاگاھ بولغايسىزلەركى، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەز ئېيتىشىمدۇر. ئەمدى سىزلەردىن رۇخسەت تىلەيمەن ۋە سىزلەر بىلەن خوشلىشىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن دىدارلىشىش قىيامەتكە باقىي قالغۇسىدۇر.» دېدى. شەيخ شۇنىڭدىن كېيىن مۇنبەردىن چۈشتى. مەسچىتنىڭ مەزىنىمۇ ھەزرىتى شەيخ بىلەن ھەمراھ بولۇپ قېچىش نىيىتىدە مەسچىتتىن بىللە چىقتى. چۈنكى، مەزىن شەيخنىڭ سۆزلىرىگە تولۇق ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئىلتىماس قىلىپ : «پېقىرمۇ خىزمەتلىرىدە بولسام» دېدى. شەيخمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇلار شەھەردىن بىللە چىقىپ ئۈچ پەرسەڭ يىراقتىكى بىر يەرگە بېرىپ چۈشتى. بىراق، مەزىنىنىڭ شەھەردە ئازراق زۆرۈر ئىشى بارئىدى. ئۇ زۆرۈرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت تىلىدى. شەيخمۇ ئىزنى بەردى. مەزىن شەھەرگە كىردى. ئۇ ئىشنى ئورۇنداپ يېنىپ چىقىۋېتىپ يولدا ھېلىقى مەسچىت ئالدىغا كېلىپ قالدى. مۇزىن كۆڭلىدە: «خوشلىشىش سۆھبىتىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خۇپتەنگە بىر ئەزان ئوقۇۋېتەي» دەپ ئويلاپ، مەسچىتنىڭ مۇنارىسىگە چىقتى. ناماز خۇپتەنگە ئەزان ئوقۇۋېتىپ كۆردىكى، ئاسماندىن قارىغا ئوخشاش بىر نەرسە ياغماقتا. ئەمما، ئۇنىڭدا نەم يوق. ئەزاننى تامام قىلىپ ۋە بىر ئاز تۇرۇپ: «ئەسسالات! ئەسسالات!» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشۈپ قارىسا، مۇنارنىڭ ئىشىكى ئېتىلىپ قاپتۇ. چىقىشقا يول تاپالماي يەنە مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ ئويلاپ يەتتىكى قۇم يېغىۋېتىپتۇ، شۇ تەرىقىدە شەھەرنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ. بىر سائەت ئۆتكەنىدى، كۆزىگە يەر يېقىن كۆرۈندى. ئۇ جەزملەشتۈردىكى مۇنار تۆپىسىدىن يەر يۈزىنىڭ

ئارىلىقى بىر ئادەم بويى قاپتۇ. مەزىن مۇناردىن كۆزىنى ئاستا يەرگە تاشلىدى. قورققان ۋە تىترىگەن هالدا يۈگۈرۈپ تۈن يېرىملاشقان ۋاقىتتا شەيخنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى. يۈز بەرگەن ۋەقەنى شەيخكە سۆزلەپ بەردى. شەيخ: «تەڭرىتائالانىڭ غەزىپىدىن يىراق بولغان ياخشى» دەپ، شۇ هامان يولغا راۋان بولدى — دە، تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى. هازىرمۇ ئۇ شەهەر قۇمنىڭ ئاستىدا بار. بەزى ۋاقىتلاردا شامال قۇمنى ئۇچۇرۇپ كەتسە، مۇنارنىڭ ياكى گۈمبەزلەرنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. كۆپلىگەن ئۆي ۋە هويلىلارمۇ ئېچىلىپ قالىدۇ. كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە كىرسە، هەممە ئۆي ئەسۋابلىرى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۈستىخانلىرى قۇرۇپ — چۈرۈپ ياتقانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇ يەردىكى كۆپلىگەن جانسىز نەرسىلەر هېلىمۇ نۇقسانسىز هالدا تۇرىۋاتىدۇ. دېمەك، شۇنچە ئۇلۇغ كېتىك شەهىرى قۇمنىڭ تېگىدە قاپتۇ. شەيخ مەزىن بىلەن نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئاقسۇ چېگرىسىدىكى ئايكۆل دېگەن جايغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنلەردە تۇغلۇق تېمۇر خان ئاقسۇدا ئىكەن. تاشتېمۇر ئېلىپ قاچقان ۋاقىتتا خان ئون ئالتە ياشتا ئىكەندۇق، شەيخ بىلەن كۆرۈشكەن كۈنلەردە بولسا ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىكەن.

خاننىڭ شەيخ بىلەن ئۇچرىشىش ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى: تۇغلۇق تېمۇر خان شىكارغا چىقماقچى بولدى، بۇ هەقتە ئالدىن پەرمان چۈشۈرۈپ: «هېچكىم بۇ شىكارغا خىلاپلىق قىلمىسۇن، هەرقانداق كىشى بولسا قويۇپ تۇرۇپ، شىكارغا چىقسۇن!» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. تاۋاچىلار قارىسا بىرمۇنچە خالايىق شىكارغا قوشۇلماي، ئۆي ـ باقى بىلەن بىر جايدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار شەيخ باشلىق هەممىلىرىنى تۇتۇپ هەيدەپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ـ دە: «بۇلار شىكارغا هازىرلانماي، يارلىققا خىلاپلىق قىپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇتۇپ كەلدۇق. قانداق جازا بېرىشكە يارلىق بېرىلسە ئىجرا قىلغايمىز» دەپ ئەرز قىلىشتى. خان ئۇ جامائەتتىن: «نېمە ئۈچۈن يارلىقنى ئەستە تۇتماي، پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. شەيخ جاۋاب بېرىپ: «بىز ۋەيران بولغان كېتىك شەهىرىدىن يېڭىدىلا كەلگەن مۇساپىر كىشىلەرمىز، شۇڭا شىكاردىن ۋە پەرماندىن خەۋىرىمىز يوق ئىكەن، ئەگەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بولساق ئىدۇق، يارلىققا ئەسلا خىلاپلىق قىلماس ئىدۇق» دېدى. خان ئاچچىقلىنىپ: «تاجىك خەلقى ئادەم ئەمەس» دېدى ۋە شۇ هالەتتە ئىتلىرىغا توڭگۇز گۆشى بېرىۋاتاتتى، شۇ ئاچچىقىدا يەنە شەيختىن: «سەن ياخشىمۇ يا بۇ ئىتمۇ؟» دەپ سورىدى. شەيخ ئېيتتىكى: «ئەگەر ئىمان مېنىڭ بىلەن هەمراھ بولغان بولسا، مەن ياخشىمەن، ئەگەر ئىمان مېنىڭ بىلەن هەمراھ بولمىسا، ئىت ياخشىراقتۇر.» بۇ سۆزنى ئاڭلىغان هامان شاھ دەرهال ئوردىغا قايتتى، ۋە بىر كىشىگە بۇيرۇق بېرىپ: «سەن بۇ تاجىكنى ئىززەت بىلەن ئاتقا مىندۈرۈپ، مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن» دېدى.

ئۇ موغۇل ئاتنى شەيخنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، شەيخ قارىسا ئاتنىڭ ئىگىرى پۈتۈنلەي توڭگۇزنىڭ قانلىرى بىلەن بۇلغىنىپتۇ. شۇڭا، شەيخ: «مەن پىيادە بارىمەن» دېدى. موغۇل ناهايىتى دەبدەبە بىلەن سىياسەت قىلىپ: «خاننىڭ يارلىقى شۇنداقتۇركى، ئاتقا مىنگەيسىز!» دېدى. شەيخ ئىلاجىسىز هالدا لۆڭگىلىرىنى ئىگەرنىڭ ئۈستىگە يېيىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە مىندى. سارايغا كېلىپ كۆرىكى، خان بىر خىلۋەت هۇجرىدا تەنها ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا غەم ـ ئەندىشە ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شەيخ خاننىڭ يېنىغا يېقىن باردى. خان شەيختىن: «ئەگەر ئۇ كىشىگە هەمراھ بولسا ئىتتىن ياخشى بولىدىغان، ئۇ هەمراھ بولمىسا ئىتتىن بەتتەر بولىدىغان قانداق نەرسە ئۇ؟» دەپ سورىدى. هەزرىتى شەيخ جاۋاب بېرىپ: «ئۇ ئىماندۇر» دېدى، ۋە ئىماننىڭ تەرىپىنى ئىسلامنىڭ هۆكۈملىرىنى

باشتىن ئاخىر شەرھلەپ ئۆتتى. خان ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى ۋە ئېيتتىكى: «مەن خان بولۇپ، مۇستەقىل ئىش باشلىغىنىمدا مېنىڭ ئالدىمغا چوقۇم كەلگەيسىز، مەن ئەلۋەتتە مۇسۇلمان بولغايمەن.» خان شۇنىڭدىن كېيىن شەيخنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ياندۇردى.

بۇ ۋەقەدىن نەچچە مۇددەتلەر ئۆتكەندە شەيخ ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەمما، شەيخنىڭ مەۋلانا ئەرشىددىن ئاتلىق بىر ئوغلى بارئىدى. ئىلىم ـ ئېرپاندا يۇقىرى كامالەتكە يەتكەنىدى. ھەزرىتى شەيخ ۋاپات قىلىش ۋاقتىدا بۇ ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «مەن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە: بىر ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىگە بىر چىراغنى ئېلىپ چىقىپ ياندۇردۇم. پۈتكۈل شەرق ئۇ چىراغنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ كەتتى. ئۇ چۈشنى كۆرۈپ نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئاقسۇدا تۇغلۇق تېمۇر خان بىلەن ئۇچراشتىم، تۇغلۇق تېمۇر خان ۋەدە قىلىپ: ‹ئەگەر خان بولسام مۇسۇلمان بولىمەن›، دېگەنىدى. ئەمما، مېنىڭ ئۆمرۈم ئۇنىڭغىچە ۋاپا قىلمىدى، سەن بۇ ۋەسىيىتىمنى ئۇنتۇپ قالماي، قاچانكى ئۇ يىگىت خان بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىن، ئېھتىمال ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ئىسلامغا مۇششەررەف بولسا كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولسا بۇ سائادەت ساڭا مۇيەسسەر بولسا، ئېھتىمال ئالەم سېنىڭ بىلەن مۇنەۋۋەر بولغاي.» دەپ ۋەسىيەتلىرىنى تامام قىلغاندىن كېيىن، شەيخ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە راۋان بولدى.

بۇ ۋەقەدىن نەچچە مۇددەت ئۆتكەنىدى، تۇغلۇق تېمۇر خان شاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. بۇ خەۋەر مەۋلانا ئەرشىددىنگە يەتتى. مەۋلانا ئەرشىددىن شۇ ھامان ئاقسۇدىن موغۇلىستانغا باردى. كۆردىكى تۇغلۇق تېمۇر خان ئىنتايىن بۈيۈك پادىشاھلىق شان ـ شەۋكىتىدە بەرقارار بولۇپتۇ. شەيخ قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، خان بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. شۇڭا، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە خاننىڭ ئوردىسىغا يېقىن بېرىپ، ئەزان ئوقۇشقا باشلىدى. ئاخىر بىر كۈنى سەھەردە خان مۇلازىملىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ: «نەچچە كۈندىن بېرى ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، سەن بېرىپ بۇ ئاۋازدا قىچقارغان كىشىنى مېنىڭ ھوزۇرۇمغا ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ھەزرىتى، بىر كۈنى تېخى ئەزاننى تولۇق تۈگىتىپ بولالمىغانىدى، ھېلىقى موغۇل يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىقىدىن تۇتتى ـ دە، تارتقان پېتى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. خان ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننى يېقىنراق كېلىشكە چاقىردى ۋە مۇنداق دېدى: «سەن كىمسەن؟ ھەر سەھەردە راھەت ـ پاراغەتتە ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىمدا قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىراپ، مېنى ئۇيقۇ راھىتىدىن مەھرۇم قىلىسەن؟» مەۋلانا ئەرشىددىن: «مەن سىز پالانى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلىق دائىرىسىگە كىرىش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولىمەن» دەپ، ئاتىسىدىن ئاڭلىغان ھېكايەتنى باشتىن ئاخىرغىچە بايان قىلدى. خان: «خوش كېلىپسىز ئاتىڭىز قەيەردە؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا: «ئاتام ۋاپات قىلدى، ماڭا بۇ ئىشلارنى ۋەسىيەت قىلدى» دېدى. خان ئېيتتىكى: «مەن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن بېرى ھەمىشە ‹مەن ۋەدە بەرگەن كىشى ئەجەب كەلمىدىغۇ›، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. مانا سىزنىڭ كەلگىنىڭىز ناھايىتى ئوبدان بولدى. ماڭا تەلىم بېرىڭ، مۇسۇلمانچىلىق يوللىرى قانداق بولىدۇ؟» ھەزرىتى مەۋلانا بىلدىكى، ھىدايەت قۇياشى بۇ سەھەردە ئىنايەت شەرقىدىن تۇغۇلۇپ، كۇپارلىق تۈنىنىڭ قاراڭغۇلۇقى يوقالغۇسىدۇر. ھەزرىتى مەۋلانا خانغا غۇسلى قىلىش يوللىرىنى ئۆگەتتى. غۇسلىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، ئىماننى بايان قىلىشقا باشلىدى. بۇ سائادەتمەن خان ھايالسىز ۋە تەخىرسىز ھالدا چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمان ئىسلامنى ئاشكارا قىلىش خۇسۇسىدا مەسلىھەتلەشتى. ئاخىر مەسلىھەت شۇنىڭغا قارار

تاپتىكى، ئەمىرلەرنى بىردىن — بىردىن قىچقىرىپ ئىمانغا دەۋەت قىلىنغاي، ئەگەر قوبۇل قىلسا ئىش ئوڭغا تارتقىنى، ئەگەر رەت قىلغۇچىلار چىقسا ئايەت ھۆكۈمى بىلەن قەتل قىلىنغاي. بۇ مەسلىھەتكە قارار تاپقاندىن كېيىن كۈندۈز بولدى. پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ بوۋام ئەمىر تۆلەك بولسا شۇ چاغلاردا دوغلات مەنسىپىدە ئولتۇرۇۋاتقانىدى. خان ئەمىر تۆلەكنى يالغۇز ھالدا چاقىردى. ئەمىر تۆلەك خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ قارىسا، خان بىر تاجىك بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپتۇ. ئەمىر تۆلەك كىرگەندىن كېيىن، خان سۆز باشلاپ ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئەمىر تۆلەك يىغلاپ تۇرۇپ: «ئۈچ يىل بولدى، پېقىر قەشقەرلىك تەقۋادارلارنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان بولغانىدىم، ئەمما سىزدىن قورقۇپ ھازىرغىچە ئاشكارا قىلمىغانىدىم. ئادەم پەرزەنتىگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت - سائادەت يوقتۇر» دەپ ئەرز قىلدى. خان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، شادلانغىنىدىن يۈگۈرۈپ قوپۇپ، ئەمىر تۆلەكنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئەمىرلەرنى بىردىن - بىردىن قىچقىرىپ ئىمانغا دەۋەت قىلاتتى. ئەمىرلەرمۇ توختاۋسىز قوبۇل قىلاتتى. تاكى نۆۋەت چۇراس ئەمىرلىرىگە يەتتى. ئۇلار ئىسلامغا كىرىش بارىسىدە ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى ۋە بۇ شەرتنى ئارىغا سالدى: «سۇنقۇي بۇقە ئاتلىغ بىر كىشى بار. ئەگەر بۇ تاجىك شۇ كىشى بىلەن چېلىشىپ ئانى يىقىتسا، ئىمان كەلتۈرىمىز» دېيىشتى. ئەمىرلەر ئۇلارغا: «سىلەر نېمانداق ئورۇنسىز شەرتلەرنى ئارىغا سالىسىلەر؟» دېدى. ھەزرىتى مەۋلانا ئېيتتىلاركى: «بۇ شەرتمۇ بولىدۇ. بۇلار ھەر نېمىنى دېسە ئورۇنلۇق: مەن ئۇ كىشى بىلەن چېلىشاي، ئەگەر مەن ئۇنى يىقىتالىسام ئاندىن سىزلەرنى ئىمانغا تەكلىپ قىلاي. بۇ ئىشتا ئىختىيار سىزلەردە بولسۇن. خان ھەزرىتى مەۋلاناغا: «مەن ئۇ كىشىنى بىلىمەن. ئۇ شۇنداق زور كاپىردۇركى، ئادەم نەسلىدىن ئەمەستۇر. ئىككى ياشلىق تۆگىنى كۆتۈرەلەيدۇ» دېدى. ھەزرىتى مەۋلانا: «ئەگەر پاك ۋە بەرھەق تەڭرى موغۇلنىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولۇشىنى ئىرادە قىلغان بولسا ۋە بۇ سائادەت مېنىڭ ئېتىمغا پۈتۈلگەن بولسا، ئەلۋەتتە ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت بەرگۈسىدۇر» دېدى. ئەمما، خان باشلىق مۇسۇلمانلار بۇ ئىشقا رازى ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا چوڭ سورۇن تۈزۈلدى. سۇنقۇي بۇقەنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن، ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. سۇنقۇي بۇقە ئۆز كۈچ - قۇۋۋىتىگە مەغرۇر بولدى ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن ھەزرىتى مەۋلاناغا قارىدى. ئۇ ئۆز نەزەرىدە ھەزرىتى مەۋلانانى ناھايىتى ئاجىز ۋە خار كۆردى. ئۇلار چېلىشىشقا باشلىدى. ھەزرىتى مەۋلانا قوللىرىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويدى. شۇ ھامان سۇنقۇي بۇقە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بىر پەستىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كەلىمەئى شاھادەت ئېيتىپ، زار - زار يىغلىغان ھالدا مۇسۇلمان بولۇپ ئورنىدىن قوپتى ۋە ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. پۈتكۈل خالايىق ئارىسىدىن قىقاس - چۇقان چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى 60 مىڭ كىشى بىراقلا مۇسۇلمان بولدى. ئۇلار ھەممىسى چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، ئۆزلىرىنى خەتنە قىلدۇردى. ئىسلام نۇرى كۈپارلىق قاراڭغۇلۇقىنى يوقاتتى. چاغاتاي خاننىڭ يۇرتىدا ئىسلام يېيىلدى. تەڭرى تەئالاغا تەشەككۇركى، تاكى بۈگۈنگىچە بۇ ئالىي مەرتىۋىلىك خانلىقتا ئىسلام دۆلىتى بەرقارار بولدى. ئاندىن كېيىن بۇ دۆلەتمەن خان ئاتا ۋە ئەجدادىنىڭ ئادىتىگە خىلاپ ھالدا ئىسلامنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇ قەدەر كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ ھەقتىكى بايانلار كېيىن زىكىر قىلىنغۇسى.

مەۋلانا خوجا ئەھمەد ئەھلى سالاھ ۋە تەقۋادار زات ئىدى. پېقىر بۇ ھېكايەتنى شۇ زاتدىن ئاڭلىغانىدىم.

لېكىن، تۇغلۇق تېمۇر خان موغۇل خەنقىنىڭ ئارىسىدا مەۋلانا ئەرشىدىنىنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولۇپتۇ، دېگەندىن باشقا ھېكايەت يوق. يەنە تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدىكى تەپسىلىي ۋەقەلىكنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ قالغان ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى قىسسەلەرمۇ موغۇللار ئارىسىدا مۇتلەق يوق، ئەمما «زەپەرنامە» دە بار. بۇ كىتابقىمۇ «زەپەرنامە» دىن نەقىل ئېلىندى.

«زەپەرنامە» دىن ئېلىنغان نەقىل:

## تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ ماۋەرائۇننەھر ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بارغانلىقى

ماۋەرائۇننەھر مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالى مەزكۇر ۋەقەلەرنىڭ سىرتىدا بايان قىلىندى. تۇغلۇق تېمۇر خان ئىبنى ئىسان بۇغاخان ئىبنى دەۋاخان بولسا چاغاتاي خاننىڭ نەسلىدىن ئىدى ۋە جېتەنىڭ پادشاھى ئىدى. ئۇ مەملىكەت ھەسەب ۋە نەسەب ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ھەققى ئىدى. شۇڭا، پۇتكۇل ھەيۋەت - ھەشەمەتلىرىنى تۈزۈپ، ئۇلۇغ لەشكەر توپلاپ، تارىخقا 761 - (چاشقان) يىلى رەبىئەل ئاخىر ئېيىدا جاھانگىرلىك رەسىم - قائىدىلىرى بىلەن ئارزۇ - يۈزىنى ماۋەرائۇننەھر تەرىپىگە قاراتتى. ۋىرمە شىرىن خان ۋاپاتىدىن تا مۇشۇ ۋاقىتقىچە 30 يىل ئۆتكەنىدى. بۇ قەرنە ئىچىدە چاغاتاي خان ئۇلۇسىدا سەككىز خان پادشاھلىق قىلىپ ئۆتتى. تۇغلۇق تېمۇر خان خوجەند دەرياسىنىڭ لېۋىدىكى چاقبۇلاق دېگەن جايغا يەتتى. تاشكەنت ئەمىرلىرى بىلەن دۆلەت ئەركانلىرى مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق قارارغا كەلدى: كەرەيت ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى ئۇلۇغ تېمۇر ئالدىن يۈرگەي، ئەرگەنۇن ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى بولغان ھاجى بەگ، قاۋچىلى ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى بولغان تەكچىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن يۈرۈش قىلغاي. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ ئەمىر يارلىق ھۆكمىگە بىنائەن ئالدىن يۈرۈش قىلىپ، خوجەند دەرياسىدىن ئۆتتى. ئەمىر بايەزىت جالايىر، تەۋەللىك قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قويۇپ، ئۆز قوۋمى بىلەن بۇ ئەمىرلەرگە قوشۇلدى. بۇ ئەمىرلەرنىڭ كېڭەش - ئىتتىپاقى بىلەن شەھرىسەبز تەرىپىگە يۈرۈش قىلدى. ئەمىر ھاجى بارلاس كىش ۋە قارشى ناھىيىلىرىنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغىپ، بۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ مۇداپىئە قىلماق نىيىتىدە ئاتلاندى. كېيىن قايتا - قايتا ئويلىنىپ بۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، بۇ ئىككى لەشكەر روبىرو بولۇشتىن بۇرۇن، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى خوراسان تەرىپىگە ياندۇردى.

نەزم:

ئاچىلغۇنچە تەدبىر ئىلە ئەقدى كار،<br>
سەلامەت بولۇ قىلماغىل كارىزار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# تۆردى موللا شېئىر ـ قوشاقلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئۆزىنىڭ مول ئىجادىي مىراسلىرى بىلەن ئەنە شۇ سەھىپىلەرنى بېزىگەن، ئۆزلىرى ئۇچۇن خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلىگەن نۇرغۇن ئەدىپ، شائىرلىرىمىز، قوشاقچىلىرىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلىـــــۋالالايمىـــــز. مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى، شائىر تۇردى ئەنە شۇ ئالتۇن سەھىپىلەردە نامى يادلىنىــــدىغان مۇبارەك زاتلىرىمىزنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇردى موللا 1892 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزىسى ئاقبۇيا كەنتىدە موللا شاد ئېلى ئىسىملىك بىر مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تۇردى موللىنىـــــڭ قوشاقلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش بىلەن شۇغۇللانغان نىياز مەھمۇدنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇردى موللىنىڭ دادىسى موللا شاد ئېلى ۋە چوڭ دادىسى موللا خۇدابەردى قاتارلىقلار ئەينى زاماندا كۇچادا ئۆتكەن تونۇلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇردى موللىغا كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭ بولغان. تۇردى موللا ئاساسەن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۇ كىچىكىدىن تىرىشچان، زېرەك بولغاچقا ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بۇ تىللاردا خاتىرە يازالايدىغان بولغان ھەمدە ئۇيغۇر ۋە پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە دادىسىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىمۇ قىزىقىپ ئوقۇپ قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆز ئىجادىيىتىنى ئالدى بىلەن قوشاق يېزىشتىن باشلىغان ۋە ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. ئۇ يالغۇز قوشاق يېزىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى نۇرغۇن شېئىرلارنىمۇ يېزىپ چىققان.

نىياز مەھمۇدنىڭ ئىزدىنىشلىرىگە قارىغاندا تۇردى موللا 1942 ـ يىللارغىچە 5000 كۇپلېتتىن ئارتۇق ھەر خىل شەكىلدىكى شېئىر ـ قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھازەل ـ كىتاب رەددۇن ـ نەفاق» (ئىتتىپاقسىزلىققا رەددىيە كىتاب) ناملىق بىر دىۋاننى تەييارلىغان بولسىمۇ، بىراق تۈرلۈك تارىخىي چەكلىمىلەر تۈپەيلى ئۇنـــى خەلق بىلـــەن يۈز كۆرۈشتۈرەلمىگەن.

تۇردى موللا ئازادلىقتىن كېيىنمۇ قولىدىن قەلىمىنى چۈشۈرمەي تولۇپ تاشقان قايناق ھېسسىياتى بىلەن بەختىيار دەۋرانىنى كۈيلەيدىغان نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلارنى يازغان. 1956 ـ يىلى تۇردى موللا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلىرى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. تۇردى موللىنىڭ شېئىر ـ قوشاق ئىجادىيىتى گۈللىنىۋاتقان نام شۆھرىتـــى خەلقىمىـــزگە تونۇلۇۋاتقان كۈنلەردە بالايىئاپەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلاندى. شۇ ئېغىر كۈنلەردە كۇچادا كىتاب كۆيدۈرۈش قارا شامىلى چىققان ۋاقىتتا، بۇ مول ھوسۇللۇق قوشاقچىمىز

ئۆزىنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يازغانلىرىنى بىر مازارغا ئاپىرىپ كۆمۈپ قويغانىكەن. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، مىڭ ئەپسۇس ئۇ ئەسەرلەر چىرىپ كەتكەچكە تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىغان.

مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى، شائىر تۇردى موللا 1970 - يىلى 2 - ئايدا بەختكە قارشى 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تۇردى موللا ئىنتايىن خۇشچاقچاق، كەمتەر، دىيانەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، ئىنتايىن مىغىزلىق، يېقىملىق، قاپىيىلىك سۆزقىلىشقا ئادەتلەنگەنىكەن. يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئۇ خەتتاتلىقتىمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەنىكەن.

تۇردى موللامىنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىر - قوشاقلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئالدى بىلەن بەڭگى، قىمارۋاز، ئوغرى، لۈكچەكلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل بولمىغۇر قىلمىشلىرى قاتتىق قامچىلىنىپ، ئۇلارنى بۇ خىل قىلمىشلاردىن قول ئۈزۈپ ياخشى ئادەم بولۇشقا دەۋەت قىلىنغان. يەنە بىر قىسىم شېئىر - قوشاقلىرىدا زالىم ئەمەلدارلارنى ۋە ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان. ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن. كىشىلەرنى دىيانەتكە چاقىرغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىر - قوشاقلىرىدا نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتىنى تەكىتلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە چاقىرغان مىسرالىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. مەسىلەن:

ساۋاتسىزلىق بالادۇر،
دىلغا ئازاب سالادۇر.
نادامەتتە قالادۇر،
ئۆگىنىشتىن قاچقانلار.

ئۇچۇپ چىقتى كۆككە ئالىم،
يۇلتۇز بىلەن ھەم ئايغا.
ساۋاتسىزلار چىقالماس،
گەزمال ساتقان دۇكانغا.

ئۇ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئازاد زامانىنى، تۈرلۈك ئىسلاھات ۋە يېڭىلىقلارنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىگەن.

مەن 1983 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن كۇچا ياقا يېزىسىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش پراكتىكىسى قىلىش جەريانىدا ساۋاقدىشىم ئابدۇرۇپ ئېلى بىلەن بىرگە مەرھۇم خەلق قوشاقچىسى تۇردى موللىنىڭ چوڭ ئوغلىغا قالغان تەۋەررۇك قوليازما دىۋانىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدىم، شۇنداقلا مەرھۇمنىڭ شېئىر - قوشاقلىرىدىن بىر قانچە پارچىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىزگە تەقدىم قىلغانىدى، مەرھۇمنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىدىن ئۇنىڭ خېلى كۆپ قوشاقلىرىنى خاتىرىلىۋالغانىدۇق. بولۇپمۇ نامەت ئىبراھىم، جامال مۇئەللىملەر ئۇنىڭ كۆپلىگەن قوشاقلىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەردى. بۇ قېتىم مەن قولۇمدىكى ئەنە شۇ يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى رەتلەپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تۇردى موللىنىڭ مىراسلىرىدىن بىر قىسمىلىرىنى سۇنۇشقا لايىق تاپتىم.

# ئۈچ تالاق[1]

ئاقسۇ، قەشقەر، بۇ كۇچا، يەركەن، خوتەن،
ئىنىمەل مۇئمىن بەرادەر، ھەم ۋەتەن.
غۇلجا، تۇرپان، ئالتاي، گۇچۇڭ، قۇمۇل،
بىر سۆز ئېيتاي بولمىسۇن ھېچكىم مەلۇل.
مۇسلىمى شىخا شايار، باي ناھىيە،
قازاقىستان دەشتى قىپچاق ۋادىيە.
قارا شەھەر كورلا بۇگۇر لوپ ھەم تېرىم،
ئاڭلىسۇن مۇسلىم سۆزۈم يارانلىرىم.
دىنى مىللەت يەر يۈزىدە ياشىغان،
دىن قۇلاغىن تۇت ئېلىپ ئەھلى ئىمان.
سەن خۇداغا بەند بولساڭ، بۇرادەر،
تۇت قۇلاغىڭ كەتمىسۇن، ئىمان گۇھەر.
قىلمىغىن خوتۇننى ھەرگىز ئۈچ تالاق،
بولسا پەرزەنت سەبرە قىل، يۈزىگە باق.
بولمىسا پەرزەندە ھەم يۇتقىل غەزەپ،
بولمىغىل سەن تەڭ، خوتۇنلەر ئەسلى چەپ.
كۆپ ـ تولا چىققاي خوتۇن گاژگۇنلىرى،
تولا گاژگۇنلىرىدىن جۇنۇنلىرى.
يا مەزاجنى يوتكىمەك يوقتۇر ئىلاج،
ئۇرسا بازغان چاپسا يېگەن ئەسلى كاژ.
نېچە تۇرلۇك خۇيدا تۇغدى ھەر ئانا،
خۇي تۈزەلمەس رەندە سېپ چەگسە تانا.
ئەرۇ مەزلۇم باشتا بار سەۋدالىرى،
قايسى ئاقىل بولسا يوق غەۋغانلىرى.
ھەر كىشىنىڭ باشىدا سەۋداسى بار،
قويغۇچى سەۋدانى بىر مەۋلاسى بار.
ئۆزى ئاسان قىلمىسا سەۋدا كېسەل،
بۇ كېسەلدۇر بى دەۋا قىلما جېدەل.
رۇزىگارىم بىرلا دائىم سەن چىقىش،
بۇ ھالالىم دەپ ئىنىڭغا كۆز بېقىش.
مۇسلىمىنغە ئۈچ تالاق مۇشكىل بالا،
بۇ خوتۇنغا ئاغرىساڭ غەيرى سالا.
سالغۇچىنىڭ بېلىغە باغلاپ تانا،
ئاڭلاغىن قاققان قوزۇق ئاۋاز يانا.
كەلسە ئاچچىق بۇ خوتۇن قىلما غەزەپ.

ئۈچ تالاقنى ئېتىپ تەۋرەتمە لەپ،
ئۈچ تالاقنىڭ باردىن ئويناشمىغىل،
لەبزى ئۈچ دەپ ئوينۇشۇپ سۆز ئاچمىغىل.
چىلك ئويۇن دەپ يوق چىقسا لەۋزى ئۈچ تالاق،
يا ئىچىپ مەستلەر بولسا ھاراق.
ياكى تاتسا ئۈچ تاياق دېدىم تاباق،
ئۈچ تالاقتۇر، ئۈچ تالاقتۇر، ئۈچ تالاق.
تەگدىم ئالدىم دېسىلەر بولغاي نىكا،
چىلك ئويۇن دەپ يوق ئاڭا بولسا گۇۋا.
سەن ھارامنى قىل ھالال تەھلىل قىلىپ،
سۇن بويۇن شەرئىگە مۇشكۇل ھەل قىلىپ.
قىلمىسۇن تەھلىلنى قەرىن نابالىغى،
كىرمىسۇن مەجنۇنى شەرئىي يارلىغى.
كىرمىسۇن ئىنىلەر مۇخىش كىشى،
كىرسە كىرگەي ياشى تولغان ئەر كىشى.
چاپسا ئۆتمەس قېرىلەرنىڭ پالتىسى،
يەتمىگەي نارىسىدىلەرنىڭ كالتىسى.
قىلسا تەھلىل ئۇشبۇ مەزكۇر ئالتى،
توشمىغاي تەكتىدە ئاشقان خالتىسى.
ئۈچ تالاق بولغان خوتۇن ئەرگە ھارام،
غەيرىمۇ، ھەم شىرىمۇ يۇرسە داۋام.
پاكىت قىلغىل سەن شەرئەت توغرىلاپ،
ئۆز كۆڭلىنى سەن ھالاقە دىل ئۇلاپ.
سەن ھالاللاپ ئالمىساڭ مۇشكۇل خوتۇن،
نارى جەھىم كىرگەي بېرىپ، جىسمىڭ ئوتۇن.
ئۇشبۇ سۆز پەتۋاھىدىن يوقتۇر غەلەت،
قىز ـ ئىگىچى ھەمشىرىگىنى پەرق ئەت.
ئۇشبۇ سۆز ئايەت ھەدىس قۇرئان كېرىم،
تۇت قۇلاغىڭ كەتمە ئېزىپ نارى جەھىم.
جان ئەزىزىم، ئالمىغىن بەتخۇي خوتۇن،
ئالسا باشتىن ھەر كۇنى چىققان تۈتۈن.
سەن پىرىپتە بولمىغىل قاش كۆزىگە،
كەلتۈرۈر بەتخۇي ئېرىن ياش كۆزىگە.
بەزى خوتۇن نەچچىنى ۋەيران قىلۇر.
ئەقلى ئەرنى غەلۋە سېلىپ ھەيران قىلۇر.

① نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلدى.

بەزى خوتۇن ئەرگە قىلغاي كۆپ ۋەپا،
ئېرى بولسا ھەق رىزاھەم مۇستەپا.
رازى بولسا ھەر خوتۇننىڭ ئەرلىرى،
ئۇل بولۇر جەننەتتە رىزۋان ھۆرلىرى.
شەرىئەت، ئەمرىنى توتقىل مەرد ئاقىلان،
ئالتە ھەيزە كامىلىنى كۆرسە ئۇل زانان.
گوھنا ئەرگە بەردى زەن بولغاي ھالال،
مەغپىرەت دەرياغا چومگىل بىمالال.
پەرق ئەتكىل لەۋزى ئۇچ مۇسلىم بەشەر،
ئەتمىگەنلەر بى ھېساب تارتار زەرەر.
بۇ تالاقنىڭ شۇملىغى جانغا يېتەر،
بۇ ئەزىز جاندىن ئۆتۈپ ئىمان كېتەر.
بۇ كاساپەت ھەم يوقار ھەم سامىرە،
بەلكى ئۇ يۇرتتىن ئېشىپ بىر ناھىيىگە.
بەرمىگىل ھەرگىز سۇكۇت بىرلە رىزا،
بەرسە نازىل ھەق قىلۇر كۆكىكتىپ بالا.
خوتۇن ئالماق مۇمكىن ئەرمەس بۇيرۇتۇپ،
كۆرسە بولماس قەلبىگە شام يورۇتۇپ.
خوتۇن ئالماق مۇمكىن ئەرمەس غېرىچلاپ،
ياكى تارتىپ جىنگ بىلەن مىسقال ساناپ.
بۇ ئەزەلدە قىممىتى قالۇ بالا،
كىمگە تەقدىر قىلسە ھەق ئانداق بالا.
كىمگە تەقدىر قىلسە ھەق قىلغىل شۇكۇر،
بولمىغايسەن قىلمىساڭ ئابدۇل غەپۇر،
ئۇشبۇ سۆزۈم لايىقى پەتۋامىكىن،
بولمىسا لايىق سۆزۈم رەسۋامىكىن.

## شېئىر جەنابى يۇسۇف ئاخۇن ئۇستام جەنابلارىغە

يۇسۇف ئۇستام جەنابى مۇھتەرەمگە،
دوئا قىلساق ئەزىز كەتسۇن ھەرەمگە.
سالىپ ئۆمرى ئىچىدە نەچە مەسجىد،
خۇدايىم قىلمىسۇن مەھشەردە نەۋمىد.
جەھاندا قالسۇ ياخشى نامى شۆھرەت،
ئاتا قىلسۇن خۇدايىم پىكرۇ ئىدراك. (؟)
كىشى رىزق ئەتسەلەر كەسفى ھەلالدىن،
ھەلالدۇر لۇقمىسى مىراس مالىدىن.
ئىتىپ بەرسە ئەزىز بىزگە بىرەرنى،
شىكافلىق چۆرىسى گۇللۇق شىرەنى.
تېگى بولسە ئانىڭ سىرتمە ساندۇق،
قۇرۇق قالماس ئىدى مۇنچەغە يانچۇق.
ئىتىپ بەرسۇن نەگاتدىن رۇخسەتى بولسە،
كىتابى قۇرئان شېرىنكى تەختە بولسە.
كىتابى قۇرئان شەرىفكى بولسە ھۆرمەتى،
ئەجەب ئېرمەس بېرىلسە ھۆررى جەننەتى.
ئوقۇپ قۇرئان كىتابلار ياد ئېتەيىن،
جەھاندە قالغۇدەك ئەبىيات ئېتەيىن.
ئانىڭ ئەترافلارىغە گۇل تولسە،
زەمان تارىخلارىدىن نەقش ئويۇلسە.
نە قىلسۇن شېئىركى شاھ گەدالار،
جەھاندا قالسۇن بىزگە يادكارلار.
ئۆلۈپ قەبرىدە بىز يالغۇز ياتارمىز،
ئاياغ قول تەبرەمەس تالمۇشدەك قاتارمىز.
كىشىگە ياخشىلىقلار قىلسا ئىنسان،
رەفىق بولغاي گۆرىدە نۇرى ئىمان.
ئەجەلنىڭ دەستىدىن ۋاي دادۇ فەرياد،
قېنى مادەر پەدەر شاگىردى ئۇستاد.
ئەجەلگە تاقمىدى ھېچ كىمسە دەرمان؛
شېئىرىمنىڭ خەۋفىدىن باغرىمدە كۆپ قان.
شېئىر ئۇچۇن ئەمەسدۇر بۇ تۇمارىم،
يۇسۇف ئۇستام ئەزىزغە يادىكارىم.
ئۆلۈپ گۆرنىڭ ئىچىدە بولسام ھەيران،
دوئا قىلسۇن ئەزىز قەبرىمگە چەندان.
ئەگەر ئۆلسەڭ ئەزىز مەندىن مۇقەددەم؛
دوئا دايىم ئەيىب يۇرسە ھەر دەم.
جەنابى مۇھتەرەم كادىرلارىم،
ياخشى يولىغە باشلىغان نازىرلارىم.
ئەرز ھالىنى ئېيتالى بۇ كەمبەغەل،
بۇ ھوزورغە كەلگەن ئىدىم دەرمەھەل.
سورىسا يەتتە ئۆيىدىكى جانلىق كىشى،
بەشىمىز ئەركەك، ئېنىنىڭ ئىكسى تىشى.
ئۆي سەرەمجان ئۇچ كىگىز، بىر بورىيا،
يەتتە يەرگە ياماق ئەتكەن بىر يارىيار.

فالته بىر، كەتمەن مۆ بىر، گوفاق مۆ بىر،
فەشلىرىم روجەكە چەفان كۆيلەكمۆ كىر.
يوق بۆ يۆرتتا ماڭا تابىش گۆي - زىمىن،
يىلدا كۆمشۆم دىگە قورقاق ۋەسلى چىن؟
كۆچسە ئۆيدىن بار ئىكەن بىر جىن زەرەر،
توغرى تافسا بۆ سۆزۆم ئالسا نەزەر.
ساي بۆ يەرنىڭ سۆيى قىس ئامىتى قۆرۆق،
تاجى گۆلدەك دان قوناق بولدى ئورۆق.
قوناق تىرىسام بىر غىرىش كەلدى شاخلارى،
تىزدىن ئۆتۆپ كەلدى كۆكى يانتاقلارى.
قوناقنى سويۆپ سوقسام يانچۆقتا كەلدى،
قوناقنىڭ گوشرىسى دانچۆققە كەلدى.
بەردى بىزلەرگە ماجۆشى ئاتام،
تىرىغان بۆغداي زىمىن گۆي بىرلە تام.
ئەدالەت فاتتىيە يايدى قەناتىنى،
بىر مەردەك گوتۆن بىدە سامان قوناقىنى.
ئۆلكە ئازاد بولغالى راهەت مەن،
بۆ ئازادلىق دوريا چاقماس فاشا،
بارمادۆك بىزلىنىڭ قوناق بىر كۆن هاشا.
زالىم شاڭجاڭ بۆ جاڭلەر تەنگە ئالدى قۆناقتا،
ئەرتە بىرى يوقىدى تۆتۆپ بەردى قەماقتا.

## ئەهۋالى زامان

ۋادەرىخا بۆ زامان ئاپپاقلىرى،
پۆتلىرىدا بار ئەجەب پايپاقلىرى.
كەيدى پايپاق ئۆستىگە جىڭگىر كىش،
قاقتى قۆرۆق ئاغزىغا تىلدا چىش.
قويدى ئاغزى بۆرنىغا كۆك ئىس مانان،
كىرمە شەيتان كەينىگە ئارقاڭغا يان.
تۆبە قىلغىل قىرى - ياش قۆرداشلىرىم،
كەتمە رەسۋا دۆنيادىن يولداشلىرىم.
تۆبە قىلماي كەتكۆچىلەر هالىگە،
ۋايى - ۋايە، ۋاي - ۋاي تەمالىگە.
پاك ئىغىزغا ئالمىغىل هەرگىز هارام،
ئارقا چەپتىن كەلمىسۆن ئەمالى نام.
ساقلىغاندۆر بەندىنىڭ ئاغزىنى پاك،
يەپ هاراملار بولمىغىل ئاخىر هەلاك.
كىبرى قىلما، ئەي ئەزىز، دۆنيا ئارا،
بولدى شەيتان كىبردىن يۆزى قارا.
گەر كىشىدە بولسىلەر كىبرى هاۋا،
بۆ كىسەلگە دورىلار بولماس داۋا.
مالچاغە قىلمىغىل پەخرى سەنەت،
كىبرى لايىق ئۆزىگە سۆلتان ئەمەد.
قايدا جەمشىت پادىشا ئەپراسىياپ،
قالدى تۆپراق تەكتىدە هالى خاراب.
ئادەرىغا بولدىلەر ئۆمرى ئادا،
كاسا تۆتتى مەي ئەجەل هۆكمى خۆدا.
كەتتى دۆنيا پانىدىن باقى جاهان،
قالدى يىغلاپ ئادەرىغ بەردى زەنان.
كۆپ يىگىتلەر ئۆتتىلەر سۆلتان بولۆپ،
تويدىن ئاغزى بۆرنىغا تۆپراق تولۆپ،
كەتتى ئاخىر زار رۆستەمى جاهان،
پالتا چاپتى بۆ ئەجەل قىلدى نىهان.
پەهلىۋاننى ئالدىلەر قوينىغا يەر،
قايدا لۆقمان كىشلەر هەم زالى زەر.
دىمە هەرگىز مەن پالان ئىبنى پالان.
مەن دىمە دوتەي، ئاتام قازى كالان.
گۆرگە تىققاي بۆ ئۆلۆم يالغۆز بىشىك،
بۆ ئۆلۆم كەتمەس ساناپ قىرى - يىشىڭ
بولسا قويماس بۆ ئەجەل مەردى جانان،
تاج كەيگەن باش ياتۆر داق ئۆستىخان.
قاشتى رۆستەم سۆردىلەر بۆ قۆش ئەجەل،
تەكلى بەردى قەبرىگە بەرمەي مەهەل،
بۆ ئەجەلگە قىلمىغاي هىچكىم مەدەت،
موكتۆرۆرلەر قەبرىگە تۆلكى سۆپەت.
قايدا كەتتى يۆ سۆپىكى ئەننەبى،
ئەردى رەۋشەن جىسمىدىن تارىخ كەبى

# مۇخەممەس

مېنى ئادەم دېگەن ئاخىر پاناھ دۇنياغا ئالدانىم،
ئېچىلدى مەرگى دەرۋازە كۆرۈپ غەپلەتتىن ئويغاندىم،
ئىچىپ شۇ مەرگىدىن شەربەتكە تۇپراق تەكتىدە قالدىم،
ھەراست بىرلە تېپىپ ئەمما بۇ تويماس غەزنىگە سالدىم،
قۇرۇق كەلدى قولۇم مۇندا كىم ئۇچماق قانچە بوز ئالدىم.

كېلىپ قەۋمى قېرىنداشىم غېرىب ھالىمنى بىر سورىساڭ،
قۇرۇق كەلگەن گۇنايىمغا يۈزۈمگە نەچچە كاچ ئۇرساڭ،
خىجالەتتىن يۈزۈم بەتھال زېمىنغا تەلمۈرۈپ تۇرساڭ،
قۇرشۇتنىڭ لەشكىرى قورشاپ بېشىمدا تەھتىلەر تۇرساڭ،
پىغان ئەتسەم نەقا بىرلە ئىشتىمەس غەيرىي پەريادىم.

ھەرىس دۇنياغا بەل باغلاپ باياۋان چۆلدە ھەم يىغلاپ،
ۋاپاسىز دۇنيانى قوغلاپ مۇشەققەت تاغدا جان داغلاپ،
جاھاننى خام خىيال چاغلاپ بۇ كۆزنى دەۋرى پىرخونلاپ،
يۈرۈپ مەن بۇ جاھان مۇزلاپ زەرنى كېپەنگە توللاپ،
....................................................

ھەزەر قىل ئادەمى ئىنسان بۆلۈنمەي دائىما نسىيان،
دۇئا مېيىت زىكرىلەر سۇبھان كەرەملىك زاد پاك رەخمان،
بولۇرمەن ھۆكمىدە پەرمان قىلۇر مۇشكىل ئول ئاسان،
مەزەللەت خاك ئاستىدا تۇمان ئىنسانغا جان قالغان،
بۇ تويماس نەپس ئاغزىمغا تولۇپ تۇپراق نەھارلاندىم.

مۇھەممەت مۇستاپا يۇرتۇر خۇدانىڭ ئالدىدا مەغپۇر،
ھەمىشە رەبگە مەنزۇر مۇقەددەس مەنزىلى مەھمۇر،
دەرىغا ئىشقىدا باغرىم يۈرەك بىلەن كۆيۈك داغدۇر،
مۇبارەك مەرقەدىن كۆرمەي دىلىمدا يۈز مىڭ ئارماندۇر،
كۆرەلمەيمەن غېرىب خاكىن ئۆتۈپ ئۆمرۈم ئادالاندىم.

غېرىب كەتسەم كۇچا خاندىن چىقىپ كەتسەم بۇ ۋەيراندىن،
بولۇنسا ئىزنى سۇلتاندىن سوغارسا بەھرى ئىرپاندىن.
پاناھ، بەر شەررى شەيتاندىن ئىمام ئىسمى رەخماندىن.
خىلىل ئوغلۇمچە پاس ئويناپ بولۇنام مەردى قۇباندىن،
پېقىر مۇئمىن غېرىب غازى كالامىڭغا ئاساسلاندىم.

ئىمارەت باغ چىمەن قالدى باھار بوستان زامان قالدى،

ئايال ئۇششاق زەنان قالدى قىلىپ ئاھۇ پىغان قالدى،
تۇتۇپ ئۆتكەن جاھان قالدى كۆلۈپ دۈشمەن ئامان قالدى،
ئۆرۈپ پەرياد قالدى جېگەر باغرىدا قان قالدى،
ئەجەلنىڭ تۇلكىسى بولدۇم سۈربان كەلدى سەييادىم.

جۇدا چۈشتۈم دىيارىمدىن، تامام ئەھلى ئايالىمدىن،
بۇ تۇتقان خانى مانىمدىن غەزىنە دەپنە مالىمدىن.
كى ئايرىلدىم بۇ جامىمدىن خەۋەر تاپماي بۇ ھالىمدىن،
كىشى ئۆتسە مازارىمدىن دۇئا قىلسۇن گۇزارىمدىن،
تېپىپ بىر نەچچە ئەممالنى كېپەنگە چۇلغۇنۇپ قالدىم.

پەلەكنىڭ كاج دەۋرىدىن قىلۇرمەن دادى پەرياد،
ئەجەل سەييادى قۇشلاردىن يېزىپ نەۋبەردى ئەبيات.
تامامى ئەھلى ئالەمنى قىلۇر مەھزۇن ئىملە ناشاد،
كېپەن تونىنى كىيىپ ماڭسا كۆلۈشكەي دۇنيا كۆز، ھەي ھات.
تامام ئالەمگە تويماي كۆز كېلىپ مۇندا قارار ئالدىم.

## قىماۋاز

قىمادىكى بالانى،
كەيمەك موزا جالانى.
دېمەي ئاتاپ پالانى
بولۇڭ ئاگاھ قىمارۋاز.

كىمگە كەلسە خۇش ياقتى،
كەسەللىرى خۇش تاپتى.
خۇرۇم ئۆتۈك پۇت ساپتى،
خۇش بوب كېتەر قىمارۋاز.

كېچە ئۇن ئوتتۇرۇپ،
ئەرزان قىممەت ساتتۇرۇپ.
پۇل بەرمىسە ياتتۇرۇپ،
تارتىۋالغان قىمارۋاز.

بار يېرى ئەڭزە ئوچاق،
بېلىدە يەڭدەك پىچاق،
كېيەر چورۇق قىزىل پاچاق،
خاڭدا يىغلار قىمارۋاز.

ياتار سۆگەت سايىدا،
ئوينار قىمار گاھىدا
قەلەندەرنىڭ جايىدا
خاكساردۇر قىمارۋاز.

ئىشتان يامار يىپ ئېشىپ،
كېچىلەردە تام تېشىپ.
قولپازەنچىرلەرنى يېشىپ،
ئۆي ئوغۇرلار قىمارۋاز.

كېيەر قاسقان تۇماقنى،
ئېلىپ قاچار ئولاقنى.
كېسىپ بىرۇر قۇلاقنى،
پۇل تاپالماي قىمارۋاز.

گەرچە ئوتتۇرۇپ قويسا پۇلنى،
قويۇپ ئوخلار بېشىغا تەخەي جۇلانى،
قالارلەر ئوتتۇرۇپ گاڭزە ئوتۇننى،
كۆرۈ قويغاي قىزى بىرلە خوتۇننى.

تاپالماس بىر كۈنى،
كەيمەككە خامنى.
كاما قىلغاي كېچە،
بىر نەچچە تامنى.

قىلۇر پىكرى هارامدىن،
نان يېمەكنى.
غاجاپ ئىتتەك يۈرۈپ،
هوشۇق سۆڭەكنى.

دېمىگىل ئادەم قىمارۋاز بەڭگىنى،
يوق قىلۇرلەر هەر مىلك تەڭگىنى.
ئەمگەك ئەتمەي بۇ قىمارۋاز بەڭگىلەر،
بەك قىمارنى تاشلىغىل جانىڭغا كۆي.

ياخشى ئادەم بول يېتىپ،
ئەمگەكنى سۆي.
ئۆزگۈرنڭلار قېرى ياش،
ئەمگەك زامان.
ئەمگەكتىن مىندى ئات،
كەيدى چاپان.
كەيدى چاپان.

چاپسا كەتمەن قىلسا قوش،
ئەمگەك قىلىپ،
ئالتە ئايدا يەيدۇ بىر
قۇيماق سېلىپ.

ئاڭلا سۆزۈم قىمارۋاز،
ياشلىغىڭغا قىلما ناز.
پۇل بەرمىسەڭ ئۆتتۈرۈپ،
ئالۇر مۇشلاپ قىمارۋاز.

تۆشكە ئۇرۇپ دەت دەيدۇ،
خەلقى ئالەم سەت دەيدۇ.
كۆرگەن كىشى كەت دەيدۇ،
كوسۇك ئىتتەك قىمارۋاز.

بىر سائەتتە تالىشىپ،
بىر سائەتتە يارشىپ.
بىر بىرىگە قارشىپ،
هوشۇق ئوينار قىمارۋاز.

سىيا سەنجۇ ئارقاندىن،
قولۇڭ يۇغىل بۇ قاندىن.
رىزقى تىلەپ ئۇسقاندىن،
يۈرمە ئەمدىن قىمارۋاز.

قىمار ئويۇن قاباهەت،
ئىككى ئالەم كاساپەت.
ئەزالىرى جاراهەت،
تالىشىپ ئىتتەك قىمارۋاز.

مۇش قويارلەر ياتاتىپ،
قىمارۋازدىن خاتاتىپ.
خاپىلىقتا بەك تارتىپ،
سوزلەپ قالۇر قىمارۋاز،

قىش ياز يۈرەر يالاڭياق،
پۇتى نېپىز چىپپىنداق.
ئات ئېشەكلىرى يېپپىنداق،
ئېلىپ قاچقان قىمارۋاز.

بىر كۈنى كېيەر تاۋارنى،
بىر كۈن كېيەر تاغارنى.
گورۇ كېتىپ قازىنى،
تىترەپ يۈرەر قىمارۋاز.

ئۆمۈر ئۆتەر غەپلەتتە،
كۆمۈر توشۇر سېۋەتتە.
ساچ ئاقارتىپ بۇ دەرتتە،
ئادەم بولغىل قىمارۋاز.

ئەمگەك قىلىپ كەتمەن چاپ،
بولما مۇنداق تىرىكتاپ.
ئۈنىنى تارتىپ نەچچە قاپ،
ئاق نان يېگىن قىمارۋاز.

# بەڭگى - قىمارۋازلار ھەققىدە

ئىشتىكىل بولىمىغىل بەڭگى قىمارۋاز،
ئەزىز ئۆمرۈڭ ئۆتۈپ كېتەر بىھۇدە قىش ياز.
قىمارۋازلىق بەڭگىلىك قاتتىق بالادۇر،
ئۆزىنىڭ جانلىرىنى ئوتقا سالادۇر.
ھاراقكەش بولغانلار بولماس مۇسۇلمان،
قېچىپ كەتكەي ئىمانىڭ نەچچە چەندان.
ئەگەرچە بولسا سارىق زىناكار،
كېرەر ئوتقا ھەر چاغ ئوندااق گۇناھكار.
تاماكۇ چەكمە ھەم بەك بوزەر ناس،
بۇ مەزكۇر شەرىئەت دىندا ئىپلاس.
قىمارۋاز بۇ كۇنى مۇزا جالانى،

قىمارۋاز بىر كۇن يەيدۇ كاۋاپلەر
قويمىغايلەر ئوتتۇرۇپ مىراس يەر.
يەڭ قىمارنى تاشلىغىل ئەمگەكچى بول،
تۆبە قىلغىل، يىغلىغىل، تۇت ياخشى يول.
بۇ ئىشلار ئىككى ئالەم كۆپ زەرەردۇر،
سەپىرى يوق ئاڭا مىنمەككە تەخەي
قىمارۋاز بىر كۇنى ئوينار كىيىكتەك،
ياتار قىش قىلاپ مايمۇن ئېيىقتەك.
تومەنلەپ بەزى كۇندە پۇلنى تاپتى.
يىقاتتى قىش يالاڭكەش قالدى ياخشى.

..................................

# كىپىش

كىپىش ساتتى ماڭا،
بىر ئۇستا باقى.
قىيامەتكە باقى،
قالغايمۇ بۇ كەش،

تىكىپتۇر بۇ كىپىشنى
«بۇختە بۇختە
كىيىپ تۆت كۇندە
سالدىم ئىككى نوختە.»

بۇ كەشنى كۆرگىلى،
كەلدى جامائەت.
باھاسىن ئېيتقىل،
بولدۇم خىجالەت.

قىردىن ئاتلىسام،
پەدازى كەتتى.
ئېرىقتىن ئاتلىسام،
چەردازى كەتتى.

نېمىشقا ئالدىڭ،
دەيدۇ بۇ كەشنى.
ئوردۇم كېكەشنى
بولۇڭدا زوڭزۇيۇپ،
ئولتۇردى يىغلاپ.

..............

يىغلىدى كېكەش
قالدىم بالاغا.
قولغا ئېلىپ كىپىشنى
ئاتتىم تالاغا.

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى①

## ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باۋۇدۇن نىياز

موغۇل سەركەردىلىرى بولسا خوجەندنى بېسىۋېلىپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش باشلىدى. ئۇ يەردىكى، ئاساسي ئۆردىغا بېرىپ، قىلىنىدىغان ئىشلار ھەققىدە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. چىڭگىزخان ئوغلى تۇلىخان بىلەن بىرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭلەرنى قىلىپ، نۇرغۇن غەلىبىلەرگە ئىگە بولغانىدى. ئۇنىڭ ئوتراردىن بۇخاراغا قايسى يول بىلەن بارغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بىز پەقەت ئۇنىڭ بىرىنچى توختىغان ئورنى سەرتاق شەھىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ شەھەر بۇخارانىڭ شىمالىغا جايلاشقان. سەھرالىق موغۇللار بۇ شەھەر ئاھالىسىغا غەيري كۆرۈندى. ئۇلار - ئانچە خەۋپسىرىمەي جەڭگە تەييارلاندى، لېكىن موغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە شەھەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇ ئاھالىگە ئوت ۋە قان دەرياسى بىلەن ئويىنىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. نەتىجىدە شەھەر ئاھالىسى تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاھالىنىڭ قورال تۇتالايدىغان قىسمى موغۇل ئەسكەرلىرىگە خىزمەتكار سۈپىتىدە قوشۇلدى، شەھەر بولسا پۈتۈنلەي خاراب قىلىندى. شەھەردىن ئېشەك ۋە خېچىرلىرىغا مىنىپ ئامانلىق تىلەپ چىققان ئاھالىگە ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشقا ئىجازەت بېرىلدى. موغۇللار سەرتاققا «قۇتلۇغ بالىخ» (بەخت شەھىرى) دەپ نام بەردى. بوخارا ئېلەتىدە چىڭگىز ۋەيران قىلغان ئىككىنچى شەھەر - نۇر بولدى. ئۇ بۇ يەرگە تۈركمەن قولاۋۇزلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى يول ئارقىلىق كەلگەندىن كېيىن بۇ يول كۆپ ۋاقىتلارغىچە «خان يولى» دەپ ئاتالدى. قەلئەگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يا مۇسۇلمان، يا تۈركلەردىن بولغان تاھىر باھادىر ئىسىملىك كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە نۇر ئەتراپىدىكى ئورمانلاردا ئۈزۈن شوتىلار ياسالدى. شوتىلارنى ئات ۋە قول ئارقىلىق كۆتۈرۈپ كېلىپ شەھەر دەرۋازىسىغا قويدى. قەلئەنىڭ دەرۋازىلىرى قىسمەن چىڭگىزنىڭ كۈچىگە، قىسمەن سولتان مۇھەممەد ياردىمىگە ئىشىنىپ يېپىپ قويۇلدى. تاھىر باھادىر ئۇلارغا: «ھەقىقەتەنمۇ كۈچ قۇدرەتلىك موغۇل خانى كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر شەھەر ئاھالىسى قارشىلىق كۆرسەتمىسە، ئۇ شەھەردە پەقەت بىر نەچچە كۈنلا تۇرىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇر شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلدى. ئۇلار بۇيرۇققا بىنائەن شەھەرگە يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن كېرەكلىك ئەسۋابلار ۋە ھايۋانلارنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن موغۇللار شەھەرگە كىردى، ئاھالىنى بۇلاپ — تالىدى، لېكىن ئادەملەرنى ئۆلتۈرمىدى. ئاھالە نامىدىن چىڭگىزخانىنىڭ ئالدىغا بارغان سۆھبەتچىلەر ھەيئىتى ئىلتىپات بىلەن قوبۇل قىلىندى: «ھازىرغىچە قانچىلىك سېلىق تۆلىدىڭلار؟» دەپ سورالغان

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا

سوئالىغا ئۇلار 1500 دىنار دەپ جاۋاب بېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخان بۇ پۇلنى قوشۇن مەھكىمىسىگە بېرىشنى ئەمىر قىلىپ، ھەيئەتنى خۇشاللىق بىلەن قايتۇرۇۋەتتى.

چىڭگىز ئۇردىن بۇخاراغا كەتتى. ھىجرىيە 617 (مىلادىيە 1200) - يىل مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا ئۇ ئۆزىنىڭ قارارگاھىنى بۇخارا سېپىللىرى يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ ھازىرلىنىپ تۇرغان ئەسكەرلىرى شۇ ھامان شەھەرنىڭ شەرقىي بۇرجەكلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇخارا خەلقى ئىلگىرى يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەردىن ئەلۋەتتە خەۋەردار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆز بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ تەييار ئەمەس ئىدى. قەلئە تاملىرى ئارقىسىدا 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن يوشۇرۇنغانىدى. بۇ قوشۇنغا سېۋۇنچخان، قوشلىخان، كۆكخان باشلىق ئىدى. كېيىنكىسى موغۇللاردىن قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. كۈچ جەھەتتىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان موغۇللارغا قارشى بۇخارا ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتەلىشىمۇ ناتايىنراق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار موغۇللارغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى شەھەر ئىچىگە كىرىپ قۇتۇلدى. شەھەر ئاھالىسى ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۆز ۋەكىللىرىنى چىڭگىزنىڭ ئالدىغا شەپقەت تىلەپ ئەۋەتتى. موڭغۇل خانى ئۇلار بىلەن بىرگە شەھەرگە كىردى. ئەڭ ئالدى بىلەن چىڭگىزنىڭ كۆزى ئۇلۇغ سامانى تەرىپىدىن ئاجايىپ بېزەكلەر بىلەن ياسىتىلغان جامىئە مەسچىتىگە چۈشتى. ئۇ ئوغلى تولى بىلەن ئاتتىن چۈشمەي مەسچىتكە كىرىپ مېھراب ئالدىدا توختىدى. تولى ئاتتىن چۈشمەي، مۇنبەر ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. چىڭگىز: «بۇ سۇلتاننىڭ ئۆز سارىيىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا «بۇ خۇدانىڭ ئۆيى» دەپ جاۋاب بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ مۇنبەرنىڭ بىر نەچچە پەلەمپىيىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئارقىدا تۇرغان موغۇللارغا ۋارقىرىدى: «ئوتلاق ئورۇلدى، ئاتلارغا يەم - خەشەك بېرىڭلار!» بۇ تالان - تاراج قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ۋەھشىي موغۇللارنىڭ بەختسىز بۇخاراغا قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا پايتەختىنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىگە كۆزى تورلاشقان سەھرالىقلارنىڭ قانداق ئاچكۆزلۈك بىلەن تاشلانغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. بارلىق ئۆيلەر ۋەيران قىلىندى. ھەممە ساندۇقلار چېقىلدى. ھېسابسىز خەزىنىلەر تالان - تاراج قىلىندى. كۆرۈنۈشىدىن ھېچبىر قىممىتى بولمىغان مۇقەددەس نەرسىلەرنىمۇ ئاياق قويۇشمىدى. كىتابلار يىرتىلىپ، ھايۋانلارنىڭ ئاياغ - ئاستىغا ساماندەك چېچىلدى. مۇقەددەس كىتابلار ساقلانغان ساندۇقلارنى ئاتلارغا يەم - خەشەك بېرىدىغان ئوقۇرلار ئورنىدا ئىشلەتتى. ئىلىم يۇلتۇزلىرى بولغان موللىلار، شەيخلەر قۇللار ئورنىدا مۆتىۋەر جەڭچىلەرگە خىزمەتكار قىلىپ بېرىلدى. بەزىلىرى بولسا موغۇل باشلىقلىرىغا مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلدى. كۆپلىگەن مۆتىۋەر قازىلار ئېشەك ۋە خېچىر بېقىشقا مەجبۇر قىلىندى. مۇسۇلمان تارىخچىسى تۆۋەندىكىلەرنى ھېكايە قىلىدۇ. دىنىي ھېسسىياتنىڭ ھاقارەتلەنگەنلىكى ھەققىدە بىر ئاز مۇبالىغە بولسىمۇ، موغۇللارنىڭ مۇشۇ بىرىنچى ھۇجۇمىدىن كېيىن شۈبھىسىزكى بۇخارا ناھايىتى كۆپ زىيان تارتتى ۋە ئورغۇن دەھشەتلىك ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

چىڭگىزخان شەھەردە بىر نەچچە سائەت تۇردى. كېيىن شەھەر سىرتىدىكى ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان مۇسەللارغا باردى. پۈتۈن خەلق شۇ يەرگە يىغىلغانىدى. موتىۋەر

كىشىلەر، بايلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى سورىدى، بۇنىڭغا 280 نەپەر كىشى كۆرسىتىلدى. (بۇنىڭدىن 190 كىشى بۇخارالىق بولۇپ، قالغان 90 كىشى چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئىدى). چىڭگىز ئۇلارغا خىتاپ قىلىپ ۋە سولتان مۇھەممەدنىڭ زۇلۇمى ھەققىدە ئىشارەت قىلىپ «ئەي ئادەملەر، سىلەر ئېغىر گۇناھ قىلدىڭلار، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبكارى سىلەرنىڭ خانىڭلار. سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟ بىز بىلەن نېمىشقا بۇنداق سۆزلىشۋاتىسەن؟ دەپ سورىساڭلار، بىلىڭلاركى مەن تەڭرىنىڭ پەرزەنتىمەن. ئەگەردە سىلەر گۇناھكار بولمىساڭلار تەڭرى سىلەرنىڭ جازايىڭلارنى بېرىشكە مېنى ئەۋەتمەس ئىدى. ئەمدى سىلەرنىڭ يەر ئۈستىدىكى بايلىقلىرىڭلار توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات سورايمىز. سىلەر يەرگە يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ ئېيتىشىڭلار ۋە ئۇلارنى چىقىرىپ بېرىشىڭلار كېرەك» دېدى. ئۇ مۇشۇ پەيتتە شەھەردىن سايلانغان كىشىلەرنى ھۇجۇم ۋە مەسخىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن موغۇل ۋە تۈركلەردىن ساقچى قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئىشلار شۇ تەرىقىدە ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، سۇلتان مۇھەممەدنىڭ شەھەردە يوشۇرۇنغان ئەسكەرلىرى چىڭگىزنى كېچىدىكى ھۇجۇملىرى بىلەن بىزار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇخارالىقلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي، بەلكى ئەسكەرلەرنى ئاسرىدى ۋە ئۇلارنىڭ كېچىدىكى ھۇجۇملىرىغا ياردەم بەردى. بۇنىڭغا چىڭگىز قاتتىق غەزەپلەندى. شەھەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى. ياغاچ ئارقىلىق ياسالغان ھەربىر ئۆيلەردىن قۇرۇلغان ئىمارەتلەر پۈتۈنلەي كۆلگە ئايلاندى. پەقەت تاش ۋە خىشتىن ياسالغان مەسچىت، سارايلارلا قارا تاش ۋە چېكىتلەردىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. زەرەپشان ئۈستىدىكى مەمۇرچىلىققا تولغان بۇ شەھەر كۆكۈم - تالقان بولدى. قەلئە ئىچىدىكى ئەسكەرلەر كۆكخان رەھبەرلىكىدە مۇداپىئەنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. موغۇللار بۇ قەلئەنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كۆردى. ھەتتا ھۇجۇم سېپىنىڭ ئالدىغا بۇخارالىقلارنى قويۇپمۇ كۆردى، لېكىن ھەممىسى بىكارغا كەتتى. قەلئە ئىچىدىكى بارلىق چوڭقۇرلۇقلار ئادەم ۋە ھايۋان جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ تاشقاندا، قەھرىمان مۇداپىئەچىلەر ئۆز جېنىنى پىدا قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ قارارگاھلىرى ئىشغال قىلىندى بۇ جاسارەتلىك قارشىلىق ئۈچۈن شەھەر ئاھالىسى قۇربان قىلىندى: 30 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە جاللات قولىدا ھالاك قىلىندى. قالغانلىرى بولسا، تېبىقلىرىگە قارىماي قۇل قىلىندى. ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتلىرى، ئىلىم - مەرىپەتلىرى، نازۇك تەبىئەتلىرى ۋە ئەخلاقلىرى گۈزەل بولغان بۇخارا ئاھالىسى بەختسىز ھالەتكە چۈشۈرۈلۈپ، مەسخىرە قىلىندى. بۈيۈك بىر ئەل شامالدەك تارقاپ كەتتى. قېچىپ كەتكەنلەردىن بىرسى خوراسانغا كېلىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە كەڭ شۆھرەت قازانغان مۇنۇ بېيىتنى ئېيتقاندى:

كەلدى، يىمىردى، كۆيدۈردى،
تالىدى، ئۆلتۈردى ۋە كەتتى.

تارىخچى ئىبنى ئەتتار مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «بۇ ھەقىقەتەن دەھشەتلىك كۈن بولدى:

ئەڭ مۇشەققەتلىك كۈنگە قالغان ئەرلەرنىڭ، خوتۇنلارنىڭ ، باللارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. ۋەھشىيلەر خوتۇن - قىزلارنى ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا خورلۇقتا ئۇچراتتى. ئۇلار بۇ خورلۇقتا كۆز يېشىدىن باشقا چارە قىلالمىدى، بەزىلىرى بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىدىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆردى. قازى بەدرىددىن، ئىمام رۇكنىددىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بۇ نومۇسسىز مەنزىرىگە قاراپ چىداپ تۇرالماي ئۆزلىرى ئەسلا تەڭ كېلەلمەيدىغان دۈشمەنگە ھوجۇم قىلىپ ھالاك بولدى».

بۇخارادىن كېيىن سەمەرقەنتكە نۆۋەت كەلدى. سەمەرقەنت بۇ ۋاقىتتا ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەڭ مۇھىم بويۇك بىر شەھىرى ئىدى. شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن خارەزمشاھ 110 مىڭ كىشى قالدۇرغانىدى. بۇلاردىن 60 مىڭى تۈرك، 50 مىڭى تاجىك ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا نۇرغۇن پىل بار ئىدى. چىڭگىزخان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنئالا بىلىۋالغاندەك دۈشمەنىنىڭ سابىق پايتەختىنى ئىگىلەش ئۈچۈن جەڭنىڭ ئوتراردىكىدىنمۇ قاتتىقراق بولۇشىنى ھېس قىلىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى توپلاشقا كىرىشتى. شۇ سەۋەبلىك ئالدى بىلەن سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى قەلئەلەرنى ۋەيران قىلىشقا قارار قىلدى. چۈنكى، ئەتراپتىكىلەر بىر - بىرىگە خەۋەر بېرىپ، ئۆزئارا بىرلىشىۋالماستىن بۇرۇن ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش لازىم، دەپ ھېسابلىدى، شۇ چاغدىلا غەلىبە ئاسانراق قولغا كېلەلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ نىيىتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشتى. چىڭگىزخان خارەزمشاھنىڭ گۈزەل پايتەختىگە شىددەت بىلەن يۈرۈش قىلدى. سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن بۇخارادىن قۇللارنىمۇ ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرى يولدىلا شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. چىڭگىزخان شەھەر ئەتراپىغا شۇ قەدەر كۆپ ئەسكەر توپلىدىكى، سۇلتان مۇھەممەدنى تۇتۇش ياكى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاجرىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. بۇ قوشۇنغا سەردارلاردىن چاپار ۋە سۇنتاي قوماندان بولۇپ، ئۇلارغا سۇلتان مۇھەممەدنى تېز ۋاقىت ئىچىدە تەقىپ قىلىش (قوغلاش) بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەنىدى. چىڭگىز ئىلگىرى سەمەرقەنتنى بىر نەچچە يىل قامال قىلغاندىن كېيىنلا ئىشغال قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئۇ ئۈچ كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى. مۇھاپىزەتچىلەر ئالپخان، شەيخخان، بېربالازخان رەھبەرلىكىدە موغۇللار سېپىنى شىددەت بىلەن بۆزۈپ ئۆتتى. ئەمما، ئۈچىنچى كۈنى چىڭگىزنىڭ ئۆزى قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ شەھەر دەرۋازىلىرىنى تېزلىك بىلەن ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭغا قارىماي خارەزملىكلەر ئۆلۈمگە تىك تۇرۇپ پايدىسىز بولغان جەڭنى داۋاملاشتۇردى. كەچقۇرۇن ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدە ئىختىلاپ چىقتى. بەزى كىشىلەر شەيخۇلئىسلامنى سەپداش - قېرىنداشلىرى ۋە ماللىرى بىلەن چىڭگىزگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، جان ساقلاپ قېلىشقا مەسلىھەت بەردى. قالغانلار ئىچكى قەلئەگە يوشۇرۇنۇپ كۈرەشنى يەنە بىر كۈن داۋاملاشتۇردى. بۇ ئارىدا موغۇللار نامازگاھ دەرۋازىسىدىن شەھەرگە بۆسۈپ كىرىپ، تىنچقىنا تالان - تاراج بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى ھەيدىدى. پەقەت شەيخۇلئىسلام ۋاستىلىق ھالدا ئۆز قول ئاستىدىكى 50 مىڭ كىشى بىلەن بىرىنچى ھۇجۇم ۋاقتىدا شەھەردە قالدى. ئىچكى قەلئە مۇداپىئەنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلەش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئالپخان مۇسىبەتلىك مەغلۇبىيەتنىڭ

يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، 1000 نەپەر قەھرىمان بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. موغۇللارنىڭ سەپلىرىنى يېرىپ، پۈتۈن قوشۇن ئارىسىدىن ئامان - ئېسەن چىقىۋالدى. پەقەت قاڭقىلى ۋە تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى. موغۇللار ئۇلارنى قوۋمداش ھېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ خالىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدى ھەم ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن چاچلىرىنى موغۇل ئادىتى بويىچە ياساتقۇزدى. لېكىن، كۈن پېتىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھايات يولتۇزلىرى ئۆچتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى — 30 مىڭ كىشى بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ خانلىرىدىن ئۇلۇغ بارۇشماس، بوغان، سەرزىقخان ھەم 20 نەپەر گېنېرال شۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەمەرقەنت ئۆزىنىڭ قەلئەسى بىلەن بىرلىكتە يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. ئاھالىسى پۈتۈن مال - مۈلكىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، بۇخارالىق قېرىنداشلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كۆردى.

... قورقۇپ قېچىپ كەتكەنلەرنى يالغان ۋەدىلەر بىلەن شەھەرگە قايتۇرۇپ كەلدى. قورال كۆتۈرۈشكە چامى يېتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى موغۇللارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئەسكىرىي خىزمەتكە مەجبۇر قىلىندى. چېۋەر باغۋەنلەر يىراق شەرققە ئېلىپ كېتىلدى. ئۇ يەردە، موغۇل - خىتاي پايتەختىدە بۈيۈك خانلارنىڭ ئاجايىپ باغلىرىنى سەمەرقەنت ئۇسلۇبىدا ياساتقۇزدى. ماھىر ھۈنەرۋەنلەرنى، بولۇپمۇ ماھىر يىپەكچىلەرنى قول سۈپىتىدە خان ئۆز خوتۇنلىرىغا، قېرىنداشلىرىغا، ئوغۇللىرىغا چاغاتاي بىلەن ئوكتايغا ھەدىيە قىلدى. ۋە بىر قىسمىنى ئۆزى بىلەن بىرگە خۇراسانغا ئېلىپ كەتتى. بۇ دەۋردە چاغاتاي بىلەن ئوكتاي خارەزمگە يۈرۈش باشلىغانىدى. ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسىنىڭ تەسۋىرلىشىگە قارىغاندا، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەڭ مەمۇر، ئەڭ گۈزەل شەھىرى ھىجرىيىنىڭ 618 (مىلادىيىنىڭ 1221) - يىلىدا ئەنە شۇ تارىخىي شارائىتتا بەرداشلىق بېرەلمەي شۇ تەرىقىدە خاراب بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن ماۋەرا ئۇننەھر بەربات قىلىندى. سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدا بىر نەچچە شەھەر قالغانىدى. ئەسكەرلەرنى دەم ئالدۇرۇپ، كۆپ مېڭىپ ھارغان ئات - ئۇلاغلارغا زەرەپشان بويلىرىدا يەم - خەشەك بېرىپ، ئۇزۇۋقلاندۇرغاندىن كېيىن چىڭگىزخان ئۆزى شەخسەن قالغان شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇشقا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئاۋۋال نەخشەب (قارشى) كە باردى. شەھەر دەرۋازىلىرى ئۆزلۈكىدىن ئېچىپ بېرىلدى. بۇ ماكان چىڭگىزغا يايلاق ئورنىدا خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېرمىزغا ماڭدى. ئۇ چاغلاردا تېرمىز بەلخ ۋە ھىندىستان يوللىرىدىكى ئامۇ دەريا ئارقىلىق ئۆتىدىغان ئاساسىي ئورۇن ئىدى. تېرمىز ئۆزىنىڭ ئامۇ دەريا بىلەن چېگرىلىنىدىغان قەلئەلىرىگە تايىنىپ چىڭگىزغا قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ ئەلۋەتتە قىسقا مۇددەتلىكلا قارشىلىق ئىدى. موغۇللار ئەمدى ئۆز غەلىبىلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆز بەختلىرىنى مېتىن، تاملار ئالدىدا سىناپ باقماقچىدى. پۈتۈن شەھەر ھۇجۇم بىلەن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇنىڭ ئاھالىسى سىنالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. جۇۋەينى ھېكايە قىلدۇكى، بىر خوتۇن ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزىنىڭ قاتىلىدىن شەپقەت تىلەپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ يالۋۇرغان، ئۆزى يۇتۇۋالغان قىممەتلىك دۈرى - گۆھەرنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان، موغۇل شۇ ھامان ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ راستتىنلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى دۈرى - گۆھەرنى كۆرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق مېيىتلەرنىڭ قارنىنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرۈلگەن.

تېرمىزدىن كېيىن بۇزۇش ۋە تالان - تاراج قىلىشقا كونكۈرت ھەم سامان (شەھرىسەبز) ناھىيىلىرىگە نۆۋەت كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەيھۇن ۋەسەيھۇن بويلىرىدىكى يەرلەر تامامەن خاراب قىلىندى. بۇ يەرلەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يىراقتىكى بۇرجەكلىرى ھېسابلىناتتى. بايلىققا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلگەن ۋەھشىيلەر باسقۇنچىلىق سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. موغۇللار ئالدى بىلەن پارسلارنىڭ مەككىسى «قۇببەتۇل ئىسلام» دەپ ئاتالغان 1200 مەسچىتى بار بەلخنى، ئاخىرى تولقان، ھىرات ۋە بۈيۈك سودا شەھىرى مەرۋەلرودنى، مەدرىسلىرى بىلەن مەشھۇر مەرۋىنى مەغرۇر نىشاپورنى خاراب قىلدى. ئەلۋەتتە، موغۇللارنىڭ بۈيۈك رەيدىكى، شىراز، ئىسپاھاندىكى ۋەھشىيانە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بۇخارا تارىخىغا تەئەللۇق ئەمەس. ئەمدى بىز ئاخىرقى خارەزمشاھنىڭ ھالاكىتىنى بايان قىلىمىز -دە، ئۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىز زوراۋانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ھەم غەلبىبىلىرىنىڭ باش سەۋەبلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

سۇلتان قۇتبىددىن مۇھەممەد موغۇللار ھىمايىسىدىكى سودىگەرلەرنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، خارەزمگىمۇ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان ھۆكۈمدارلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مەستخۇش بولغان ھالدا ئىدىيىش ۋە غەپلەت بىلەن پەقەت مەئىشەتكىلا بېرىلدى. ئۆمرىنى ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ھىجرىيىنىڭ 612 (مىلادىيە 1215)- يىلى، شەئباننىڭ 8 - كۈنى بۇخاراغا كەلدى. بۇ يەردە يېشىل چىمەنزارغا چېدىر قۇرۇپ مەۋسۇمنىڭ لەززىتىگە بېرىلدى. كېيىن بۇخارادىن سەمەرقەنتكە ئۆتتى. دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزى ھەققىدە، يەنى جۇجى قوماندانلىقىدىكى ئوترارادىن جەندكە ھۇجۇم باشلىغان قوشۇن ھەققىدە خەۋەر ئالدى. ئۇ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن جەندكە قاراپ يولغا چىققانىدى. ئۇ شۇ يەردە جوجىنىڭ ئارقىدىن موغۇل پادشاھى چىڭگىزخاننىڭ قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇنىڭغا قارىماي سولتان مۇھەممەد جوجى بىلەن جەڭ قىلدى. بىرىنچى توقۇنۇشتىلا قارشى تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ قەھرىمانلىقى توغرىسىدىكى بەزى ۋەقە - ھادىسىلەرگە ئىشەندى. ئەسكىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي ئۇ پەقەت ئوغلى جالالىدىننىڭ قەھرىمانلىقى سايىسىدە مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلۇپ، سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلدى. يېقىنلىشىۋاتقان خەۋپتىن تەشۋىشكە چۈشكەن سولتان مۇھەممەدنىڭ ئاۋۋالقى ئىدىيىشلىرى تېزدىن ئۈمىدسىزلىككە، قورقۇنچقا ئايلاندى. ئۇ خەۋپسىرىگەن ھالدا جەيھۇن ئارقىلىق خۇراسانغا ئۆتۈپ كەتتى. نىشاپورنىڭ مەشھۇر يايلىقىدا بۇرۇنقى مەئىشەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن تۇرماقچىدى. بەختكە قارشى سۇنتاي بىلەن چاپا ئۇنى تەقىپ قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى - دە، دەرھال يولغا چۈشتى. موغۇل سەردارلىرىنىڭ تەقىبىي ئاستىدا، ئۇ ئالدى بىلەن رەيگە، ئۇنىڭدىن كېيىن مازەندرانىنىڭ ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغلىرى ئارقىلىق ھازىرقى ئاستىراباد يېنىدىكى ئابىشىنسۇكۇنغا بېرىپ، نىجادلىق تاپتى. ئۇ يەردىن ھەزەر دېڭىزىدىكى ئارالغا (ئوغۇرچەلى بولسا كېرەك) يېتىپ كەلدى. بۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەھشىي دۈشمەننىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن خەۋپسىز ئىدى. لېكىن، موغۇللارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن ئائىلىسىنىڭ ئەلىمىنى تارتتى. بۇ جايدا ھەممە خەلق تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن ھالەتتە ھىجرىيىنىڭ 617 (مىلادىيە 1220)- يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 22 - كۈنى ۋاپات بولدى. ئۇ شۇ قەدەر غېرىبانە ھالەتتە ئىدىكى كېپەن

ئېلىشقىمۇ يۈلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى كىيىپ يۈرگەن لىباسى بىلەن دەپنە قىلىندى.

ئۇ ئاۋۋال سەلتەنەت ۋارىسى دەپ بەلگىلەنگەن ئەفلاكشاھ ئورنىغا ئۆزىنىڭ قەھرىمان ئوغلى جالالىدىننى تەيىنلىگەنىدى. لېكىن، ئۇ پادىشاھلىقىنى قولغا كىرگۈزگۈچە ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قىلىچ تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ خارەزمدىن ھىرات ۋە غەزنىگە باردى. بۇ يەردە كۈچلۈك ئەسكىرى قوشۇن توپلىدى ۋە ئىككى قېتىملىق جەڭدە موغۇللارنى يېڭىپ، ئۇلارغا چوڭ تالاپەت كەلتۈردى. چىڭگىزخان تولقان شەھىرىنى قامال قىلغانلىقى سەۋەبىدىن يولدا توختاپ قالغانىدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن ئۇ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە باميان ھەم كابۇل ئارقىلىق غەزنىگە قاراپ شۇ قەدەر تېز يۈردىكى، موغۇللارنىڭ ئاش پىشۇرۇشىغىمۇ ۋاقت بولمىدى. لېكىن، ئۇ غەزنىگە كەلگەندىن كېيىن جالالىددىننىڭ 15 كۈن ئاۋۋال ھىند ساھىللىرىغا كەتكەنلىكىنى بىلدى. موغۇللار سەپىرىنى تېزلەشتۈرۈپ غەلىبە قىلغان شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەبلەخانە غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلدى. جالالىددىن ئادەتتىكىدەك قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ مۇداپىئە ھالىتىدە تۇردى. ئۇ غەزەپلەنگەن ئارسلان كەبى دۈشمەنگە گاھى ئوڭ، گاھى سول تەرەپتىن بەزىدە دەل ئوتتۇرىسىدىن ھۇجۇم قىلدى. ئاخىر موغۇللار ئۇنى قورشاپ ئالدى. ئۇنىڭ ئىككى ئېتى چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئۈچىنچى قېتىم ئاتقا مىنىۋاتقاندا موغۇللار ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئۇ ھىندى دەرياسىنىڭ 10 ئارشىنلىق (ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى) بۈيۈك ساھىلىدىن سۇغا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، قارشى قىرغاققا سالامەت يېتىۋالدى، بۇنى كۆرگەن موغۇللار ئۇنىڭ كەينىدىن سۇغا تاشلانماقچى بولۇشقانىدى، لېكىن جالالىددىننىڭ قەھرىمانلىقىغا ھەيران قېلىپ، قاتتىق تەسىرلەنگەن چىڭگىزخان بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تەقىپ قىلىشنى قوغلاشنى مەنئى قىلدى ۋە ئۆز ئوغۇللىرىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇنى قاراڭلار، ئاتىنىڭ بالىسى شۇنداق بولۇشى كېرەك». ئاخىر چىڭگىزخان تەرىپىدىن يۈكسەك پىكىردە بولغان سولتان مۇھەممەد جالالىددىننىڭ بۇرادەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، ھىند دەرياسىغا تاشلانغان خەزىنىلىرى غەۋۋاسلار تەرىپىدىن سۈزۈپ ئېلىندى. ئۇنىڭ ئائىلىسى چىڭگىز ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. شەپقەتسىز ۋە مەرھەمەتسىز غالىب ئۇلارنىڭ ئەركەكلىرى ۋە ئاياللىرىنى ۋە ئاياللارنىڭ قولىدىكى بوۋاق باللىرىنىمۇ جاللات قىلىچى ئاستىغا ئالدى. ئەڭ ئاخىرقى خارەزمشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇ تەرىقىدە ھىجرىيىنىڭ 618 (مىلادىيىنىڭ 1221) ـ يىلى ئاياغلاشتى. شۇنىڭ بىلەن 140 يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە سالجوقىيلاردىن شەۋكەت ۋە سائادەتمەنلىكى جەھەتتە كەم بولمىغان بىر خاندانلىق ھالاك بولدى!...

شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭگىز ماۋەرائۇننەھرگە قايتتى. بىرئاز ۋاقىت سەمەرقەنتتە تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلى ۋەتىنىگە يۈرۈپ كەتتى. ھىجرىيىنىڭ 621 (مىلادىيىنىڭ 1224) ـ يىلى چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا ئىمپېرىيىسىنى ئوغۇللىرىغا تۆۋەندىكىچە تەقسىم قىلىپ بەردى. جۇڭگو ۋە موغۇلىستان ئوكتايغا بېرىلدى، چۈنكى چىڭگىزخان ئۇنى ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. چاغاتاي ئۇيغۇرلار ماكانىدىن خارەزمگىچە بولغان جايلارنى ئالدى. تۈركىستان ۋە ماۋەرا ئۇننەھرمۇ ئۇنىڭغا بېرىلدى. جۇجى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن باتۇ خارەزم، دەشتى قىپچاق ۋە دەربەندكىچە بولغان ئۆلكىگە ھۆكۈمران بولدى. تولى بولسا خۇراسان، ئىران، ھىندىستاننى ئالدى.

چىڭگىز 70 ياشقا كىرگەنلىكىگە قارىماي تاڭغۇتقا قارشى ھەرىكەت باشلىدى. چۈنكى، ئۇ ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. چىڭگىزخان ئەنە شۇ يۈرۈش ئۈستىدە ھىجرىيىنىڭ 624 (مىلادىيىنىڭ 1226)- يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەھشىيانە ئۇرۇشقا ھەۋەس قىلغان ئىزلىرىنى قىلىچ ۋە ئوت يالقۇنلىرى ۋاستىسى بىلەن پۈتۈن ئاسىيادا مەڭگۈ قالدۇردى. خۇسۇسەن ماۋەرائۈننەھر ئۈچۈن ھېچقاچان ئۇنتۇلمايدىغان ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇنىڭ ئاھالىسىنى قىرىپ تۈگەتتى. كۆپ ئەسىرلەر مابەينىدە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان شۇنداق بىر زېمىننى شۇنداق بىر ۋەيرانە ھالەتكە چۈشۈردىكى، بۇ ۋەيرانىلىق ئۇنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىنى ۋە ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

دەرۋەقە، ئاسىيانىڭ ھېچبىر يېرى موغۇل باسقۇنچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىنى جەيھۇن ۋە سەيھۇننىڭ ئارىلىقىدىكى ئەللەرگە ئوخشاش دەھشەتلىك دەرىجىدە ھېس قىلمىدى. بىنكەند، قوقەنت، جەند، بۇخارا ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەرگە گوبى چولى ۋەھشىيلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزى ئىنتايىن پاجىئەلىك بولدى. چۈنكى، بۇ ۋەھشىيلەر ماۋەرائۈننەھردە سانائەت، تىجارەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپ قىلغان ئورۇنلارنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاجايىپ ئۇسۇللىرىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تالان - تاراج قىلىش ۋە زورلۇق قىلىشقا نىسبەتەن چاققاقلىقىنى ئەنە شۇ يەردە قاندۇردى. بۇنىڭغا ئىلاۋە سۈپىتىدە ئىدىل (ۋولگا) بويلىرىغىچە، پورت ساھىللىرىغىچە، ھىندى ئۆلكىسىگە ھەم بەسرە كۆرپىزىگە يىرىتقۇچ موغۇل سەردارلىرىنىڭ بىر نەچچە ئون يىللار مابەينىدە داۋام قىلغان ئىستېلالىرىدا ماۋەرا ئۈننەھر بۈيۈك يول بولۇش ۋەزىپىسىنى بىجىردى. بەش يىل مابەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ناھايىتى باي، بۈيۈك سودا يولى - ياۋروپاغا، غەربىي ئاسىياغا خىتاي ۋە ھىندىستاننىڭ مال ۋە گەزلىمىلىرى توشۇلىدىغان مەشھۇر سودا يولى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى دېيىلسە ئەجەبلىنەرلىك بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مۇنبەت تۇپراقلىق جايلار پۈتۈنلەي يارامسىز جايلارغا ئايلاندۇرۇلدى. پۈتۈن ئىسلام ئالىمىدە داڭ چىقارغان قورال - ئەسلىھەلىرى سانائىتى، ئېسىل يىپەكچىلىك سانائىتى، زىننەت شىشە ئىشلەش سانائىتىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلغانلىقى ھەيران قالارلىق ئەمەس. شەھەرلەر پۈتۈنلەي خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىلدى. دېھقانلار ئۇرۇشتا ئۆلگەن موغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىغا سەپلەندى. ھۈنەرۋەنلەر غالىب موغۇللارنىڭ بوش قالغان ۋەتىنىنى بېزەشكە مەجبۇرلىنىپ، يىراق شەرققە ئەۋەتىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەيران قىلىنىشى بىلەن ئىلىم - پەنگە نىسبەتەن قىلىنغان زىيانكەشلىكمۇ ئاز بولمىدى. «ئىلىم دەرىخىنىڭ ئاساسىي مەككىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى خۇراساندا پىشىدۇ» دېگەن ئەرەب ماقال - تەمسىلى بار. ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياسىدىكى بۇماقال ھازىرقى كۈن ئۈچۈن غەيرىي تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ماۋەرائۈننەھر موغۇل تاجاۋۇزچىلىقىغا دۇچ كەلگۈچە مۇسۇلمان ئاسىياسىنىڭ مەمۇرچىلىق دەۋرىدە ئۆزىگە خاس مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى. نىشاپور مۇشۇ دەۋرلەردە ئىرانىنىڭ فازىللىرى توپلانغان جاي ئىدى. مەرۋى مەدرىسلىرى يىراقتىن كەلگەن تالىپلار بىلەن تولغانىدى. لېكىن، سەمەرقەنت، بوخارا ھەم ئۆرگەنچلەر كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى ئىلىم - مەدەنىيەت بابىدا ئۆز ئارا مۇسابىقە قىلىشاتتى. ماۋەرائۈننەھر شەھەرلىرى

بالاغەت، سەرف - نەھۋى (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) شېئىرىيەت ۋە گۈزەل سەنئەت جەھەتلەردە ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، موغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن، مەنىۋى ھايات كۆپ زىيان زەخمەتكە ئۇچرىدى. ئىران ۋە باشقا غەرب ئۆلكىلىرى چىڭگىزنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەدەنىيەت جەھەتتە ئازراق تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەتتا ئۇلاردا يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كەلدى. ئەمما، بۇخارا ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق جايلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى مەنىۋى ھاياتىنى ئازراقمۇ تىكلىيەلمىدى. ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى قازىلىق ئىشلىرى، تەسەۋۋۇپچىلىق ۋە دىنغا ئىنتىلىش بىلەن بولدى. بۇ بەختسىزلىكنىڭ باش سەۋەبكارى موغۇللار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئورۇنلارغا باستۇرۇپ كىرگەندە شەھەرلەردىكى ئىلىم - پەن، سودا - سانائەت ۋە مەدەنىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى بەكمۇ ئازايتىۋەتكەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈرۈكلەر كۆپچىلىك نىسبەتنى تەشكىل قىلاتتى. ساپ تۈرك يەرلىرىدە، مەسىلەن ھازىرقى خىۋا ۋە قوقەنتتە سالجۇقىيلار ئەسىرىدە خەلق تىلى پارسچە ئىدى. گەرچە ئاھالە ئۈستىگە سەھرادىن باستۇرۇپ كەلگەن مەرىپەت دۈشمەنلىرىنىڭ تۈرك مىللەتلىرىنى يوقىتىش غەرىزى ئەمەلگە ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلماي بۇ ھەرىكىتىنى يەنىمۇ تېزلەشتۈردى. مانا شۇنىڭ ئۆزى چىڭگىزخاننىڭ جەيھۇن بويىدىكى يەرلەرگە كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ زىيىنى ھېسابلىنىدۇ.

موغۇل ئىستېلاچىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە كەلسەك، ئۇ جەھەتتە چىڭگىزخاننىڭ شەخسىي خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ئىككىنچى تەرەپتىن، موسۇلمان ئاسىياسى، جۈملىدىن ماۋەرائۇننەھر مەملىكەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق ئىدى. چىڭگىزنىڭ شەخسىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلىنىدىكەن، مۇسۇلمان ئەسىرداشلىرى ئۇنىڭ قانچىلىك ۋەھشىي ۋە ئىستېلاچىلىققا ھەۋەس قىلغان ماھىر بىر سەركەردە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشمەي تۇرالمايدۇ، ئەسلىدە ئۇ تەلتۆكۈس مەنىدىكى ئىستىلاچى ۋە قانۇنچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياساق - قانۇنلار توپلىمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە ھەربىي كېڭەشنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئىسلام ئاسىياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي يات نەرسە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خارەزمشاھلارنىڭ تەشۋىشلىك ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىدا دىنىي تەبىقىلەرنىڭ تەڭلىكى دىققەتكە سازاۋەردۇر. (جۇۋەينى چىڭگىزخان بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى ئۈچۈن 40 مىڭ مىسقال دىيەت (خۇن پۇلى)، ئەمما بىر خىتاينىڭ بېشى ئۈچۈن بىر ئۇزۇن قولاقلىق ھايۋان تۆلەشنى قارار قىلغانلىقى ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. بۇ رىۋايەت بەلكىم ئورۇنسىز بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، باشقا رىۋايەتلەر پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىدۇ. چىڭگىز ۋە ئۇنىڭ خانلىرىدىن بەزىلىرى ناسرانىي، موسۇلمان ۋە بۇددىستلارنى بىر - بىردىن پەرقلەندۈرمىگەن. مەسىلەن، ماۋەرائۇننەھردە ناھايىتى كۆپ مۇسۇلمان نائىبلىرى تەيىنلەنگەنىدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر (بۇتقا چوقۇنغۇچى) راھىبلار ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ھەتتا قۇبلاي تەرىپىدىن بىر ئەجنەبى ناسرانىي بولغان ماركوپولو مۇھىم بىر ۋەزىپە بىلەن كىرمانغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى.

موغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا كەلسەك، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شەرق تارىخى

ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە موغۇللار ئىنتايىن قاتتىق كۆڭۈل، ۋەھشىي، تەلۋە قىلىپ، كۆرسىتىلىدۇ: «موغۇللار بەزمە يىغىلىشلاردا يىغلايدىغان، ئۇرۇش ۋاقتىدا كۈلىدىغان، باشلىقلىرىنىڭ كەينىدىن قاتراپ يۈرىدىغان ، ئاچلىق ۋە سوغۇققا قانائەت قىلىدىغان، ئۇرۇشتا چىدامىلىق، دەرد ـ ئەلەمگە سەۋرچان تىنچلىق ۋە راھەتنىڭ لەززىتىنى چۈشەنمەيدىغان خەلقلەردۇر. موغۇللار قورالىرىنى ئۆزلىرى ياسايدۇ. ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى روھ ۋە قەلب جەھەتتە بىر خىل، تاماق ۋە كىيىم ـ كېچەكتە تەكەللۇپسىز كىشىلەردۇر. رەھىم ـ شەپقەتنى بىلمەيدۇ، ھەتتا ئاياللارنىڭ ھامىلىسىنىمۇ سويۇپ تاشلايدۇ. دەرياغا توغرا كەلسە كۆن تاغارلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياكى ئاتلارنىڭ دۇمبىسىۋە يايلىسىغا ئېسىلىۋېلىپ ئۈزۈپ چىقالايدۇ ۋە ھاكازا»

چۈشىنەلەيمىزكى ماۋەرائۇننەھرنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئەھۋالى بايان قىلىنغاندا يوقىرىقىلارنى ئەمەلىيەتتىن ئۇنچىۋالا يىراق ئەمەس دەپ ئويلاشقا بولىدۇ. ھەر ھالدا شەھەرلەردىكى ئىران ئۇنسۇرلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئاھالىنىڭ ھەرب بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىسمى موغۇللارغا نىسبەتەن بەكمۇ زەئىپلەشكەنىدى. بۇنىڭغا يەنە بىر بەختسىزلىكنى — ئىرانىيلار بىلەن ھېچقاچان ئەستايىدىل قوشۇلمىغان تۈركلەر سولتان مۇھەممەد لەشكەرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغىنى ھالدا ئۆزلىرى كۆپىنچە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ چىڭگىز تەرىپىگە ئۆتكەنلىكىنى ئىلاۋە قىلىش كېرەك. بۇنىڭغا خارەزمشاھنىڭ ئىستىبداتلىقىغا قارىتا نارازىلىقى ياكى تالان ـ تاراج قىلىشقا ھەۋەس قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى قەبىلىداشلار سەۋەبچى بولغان.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئىنقىرازغا ئۇچرىغان ماۋەرائۇننەھر ئۈستىدىن موغۇللارنىڭ شۇنچىلىك شانلىق غەلىبە قازانغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ.

## ئەمىر تېمۇر

### ھىجرىيىنىڭ 736 ـ 807( مىلادىيىنىڭ 1333-1405)- يىللىرى

ئوتتۇرا ئاسىيادا موغۇللار ئىستىبلاسىنىڭ ئاقىۋىتىدە قوۋملارنىڭ ھاياتى ئۆزگەردى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەممە جايلىرىدا تۈرك ئەللىرى ئېخىمۇ كۆپەيدى. تەڭرى تېغى دالالىرىدىن، ئالتاي تاغلىرىدىن تۈركلەر موغۇللارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ۋە ياردەمچىلىرى بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار جەيھۇن ساھىلىدا ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىداشلىرى ۋە قېرىنداشلىرى ـ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان تۈركلەر ـ بىلەن تېپىشتى. شۇسەۋەبتىن بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئاسانلا ئورۇنلىشۋالدى. ئۇلار ناھايىتى تەجرىبىلىك جەڭچىلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن سارايى تەنتەنىلىرىگە قاتناشتى، قەتل قىلىش ۋەيران قىلىش ئىشلىرىدا چاغاتاي تەرەپدارلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. چاغاتاي تەرەپدارلىرى كونا ئىران مەدەنىيىتىگە نەپرەت بىلەن قارىغانلىقتىن مەملىكەتلىرىنى يىراق شەرقتىن يىراق شىمالغىچە بولغان جايلارغا كېڭەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ماۋەرائۇننەھردە باشتىن ئاياغ ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرى ۋە ۋەكىللىرى ئورنىدا تەيىنلەندى. كېيىنرەك ئۇلار چاغاتايلارغا نىسبەتەن غەيرىي رەسمىي خوجايىن نوپۇزىغا ئىگە بولدى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ موغۇل تىللىرىنىمۇ ئۇنتۇپ تۈركچە تىلنى سارايى تىلى

ۋە جانلىق تىل ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىشقا باشلىدى... چاغاتاي پادىشاھلىقى پارچىلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا سولدۇز قەبىلىلىرى بىرىنچى بولۇپ ھاكىمىيەتنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. جەنۇبى تەرەپتە بولسا موغۇل ھاكىمىيىتى خارابىلىرى ئورنىدا (نەخشەب ۋە كېشتە) بارلاس قەبىلىلىرى ئازادلىق بايرىقىنى تىكلىدى.

بارلاس ئۇرۇقىنىڭ كۆرەگان تارمىقىدىن تېمۇر بەگنىڭ مەيدانغا چىقىشى بۈيۈك بىر ۋەقە بولدى. بۇ شەخس ياۋروپادا تەمۇرلەن ياكى تېمۇرلەڭ نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 736 (مىلادىيەنىڭ 1333)- يىلى شەئبانىنىڭ بېشىدا، سەيشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن، قىشنىڭ بىردىنبىر كۆكلەمزار جايى بولغانلىقى ئۈچۈن «شەھرىسەبز» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان مەھەللىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن پۈتۈن شەھەر شۇ نام بىلەن ئاتالدى. تېمۇرنىڭ ئاتىسى تورغاي بارلاس ئۇرۇقىنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەمىر قازغاندىن كىش ۋە نەخشەب ۋىلايەتلىرىنى ئالدى. ئۇ ئۆلگەنگە قەدەر شۇ جايغا مۇخلىس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئوغلى تېمۇر بولسا بالىلىق چېغىدىن تارتىپ مۇسۇلمانچىلىق روھ بىلەن ھەم ئات ئۇستىدە تەربىيىلىنىپ، موغۇللارنى تارمار قىلىش پىكرى بىلەن چوڭ بولدى. تارىخچى ۋە مەدھىيىچى شەرەفىددىنگە تامامەن ئىشەنچ بىلەن قارىمىساقمۇ، تېمۇرنىڭ ياشلىقىدىن تارتىپ ئىززەت، نەپسىلىك بولغانلىقىنى ئۇنىڭ كېلەچەكتىكى بۈيۈكلىكىنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. تېمۇر ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا: «مەن 10 يېشىمدىلا ئۆزۈمدە پەۋقۇلئادە ھۆكۈمرانلىق، ۋە بۈيۈكلۈك ئالامەتلىرىنى ھېس قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەر بىر كىشىنى بىلىنەرلىك دەرىجىدىكى غۇرۇر ۋە لاياقەت بىلەن قوبۇل قىلدىم. 18 يېشىمدا ئۆزۈمنىڭ ئات مىنىش ۋە ئوۋچىلىق ھۈنىرىم ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم. ئۆمۈرۈمنى قورئان ئوقۇش، شاھمات ئويناش، ئات مېنىش مەشقلىرى بىلەن ئۆتكۈزدۈم» دەيدۇ. ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئۇنى بالاغەتكە يەتتى. دەپ ھېسابلاپ بىر كەنتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. كىينرەك تېمۇرگە ھەربىي تەلىم ۋە جەڭ قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر كىشىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ كىشى يۇقىرىدا ئاتالغان ئەمىر قازغان بولۇپ، ئاتىسى تېمۇرنى ھىجرىيىنىڭ 758 (مىلادىيىنىڭ 1356) - يىلىدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمىر قازغان تېمۇرنى شۇنچىلىك ياقتۇرۇپ قالىدۇكى ئۇ ئۆزىنىڭ نەۋرىسى — ئوغلى سەلەيخاننىڭ قىزى — ئولجاي تۈركان خاتۇننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىدۇ. كېيىن ئۇنى خۇراسانغا، ھۇسەيىن كەرراتقا قارشى سەپەردە ئۆزى بىلەن باراۋەر ئورۇندىكى مىڭبېشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ يۈرۈش ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلىشىدۇ. لېكىن، قازغان شۇ تۇپەيلىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي قاتىل قولىدا ھالاك بولىدۇ. بۇ چاغلاردا تېمۇرنىڭ ئاتىسىمۇ ۋاپات بولغانىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق مۇسىبەت تېمۇرنى قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمدۈرگەنىدى. تېمۇر ئۆلتۈرۈلگەن ئەمىر قازغاننىڭ مەرىكىسىدە ئەمىر ھۇسەيىننىڭ دوستلۇق تەكلىپىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ غەمخورچىسى بولغان كىشىنىڭ قاتىلىدىن قىساس ئېلىشقا قەتئىي بەل باغلايدۇ. مۇشۇ قارارىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە ماۋەرائۇننەھردە ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە باشباشتاقلىق بەكمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇلۇسنىڭ مۇۋەققەت ھۆكۈمدارى تۇغلۇق تېمۇر ئۆز سۇلالىسىنى ھالاكەتتىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەت كەلگەنلىكىنى بىلىپ، سەمەرقەنتكە

قارشى ئالمىلىقتىن كۆپلىگەن لەشكەر ئارقىلىق يولغا چىقتى. ئۇ ئاسىيا ئەمىرلىرىنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۆز ئەجدادىنىڭ پايتەختىنى قايتۇرۇۋېلىشقا قەتئىي بەل باغلىدى. ئەمما، بەزى كىشىلەر، مەسىلەن تورغاينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بارلاس ئۇرۇقىنىڭ باشلىقى بولغان خوجا سەيپىددىن بارلاس خوراسانغا كەتتى. لېكىن، ياش تېمۇر چاغاتايزادىلەر تەرىپىدىن لايىق كۆرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ سارىيىغا خىزمەتكە كىرىپ، ئۆزىگە شەخسىي مۈلكى سۈپىتىدە كىش ۋىلايىتىنى ئالدى. تۇغلۇق تېمۇر ماۋەرائۇننەھردە تۇرغان پەيتتە تىنچلىق ئورنىتىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ شەرققە كەتكەندىن كېيىن تىنچ بولمىغان ئەمىرلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ يېڭى ئۇرۇشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئىستىقبالى جەھەتتىن ئاسىيانىڭ ئىگىسى بولماقچى بولغان كىشى بۇشارائىتتا جىم تۇرۇۋالدى. تۇغلۇق تېمۇر لەشكەرلىرى بىلەن سەمەرقەنتكە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە ئوغلى ئىلياس خوجىنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى. تېمۇرنى ئۆزىگە ئەڭ سادىق كىشى ھېسابلاپ، ئوغلىغا مەسلىھەتچى قىلىپ قالدۇردى. موغۇل شاھزادىسىگە مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسى تېمۇرگە ياقمىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئۇ بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن پەقەت كېيىنكى چوڭ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاش دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شاھزادىنىڭ ۋەزىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ سارايدىن يوشۇرۇن رەۋىشتە چىقىپ كەتتى ھەم ئۆزىگە ساداقەتمەن بولغان بىر نەچچە كىشى بىلەن بۇخارا ۋە خىۋا مەملىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەزەر دېڭىزىغىچە سوزۇلغان چۆلگە قاراپ ماڭدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتلار ئۇنىڭ جەڭ بىلەن ئۆتكەن ھايات يولىنىڭ باشلىنىشى، قاقاس چۆللەردە قاشقاقلىق ۋە ھەممىدىن مەھرۇم بولغان ھالدا ئېغىر سىناقلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، چېنىققان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. تېمۇر ئۆز خاتىرىسىدە ۋاپادار خوتۇنى ئولجاي بىلەن بىللە نەچچە كېچە - كۈندۈزلەرنى ئاش - تاماقسىز، سۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىنى، بۇنداق سەرسانلىقنىڭ بىر نەچچە ئايغىچە داۋاملاشقانلىقىنى ئاخىر تۈركمەنگە ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى، تۈركمەن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىنى ئەسىر سۈپىتىدە ئېغىلغا سولاپ قويغانلىقىنى، بۇ جاينىڭ قۇرت - قوڭغۇزلار بىلەن تولغانلىقىنى ناھايىتى تەسىرلىك ھالدا بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇرۇشلاردا ئەمىر ھۈسەيىنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. تېمۇر ئۇلار بىلەن يولدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن بىرلىكتە ئاسىيانىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىللەش جەريانىدا ھەقىقەتەن چوڭ بىر مەكتەپنى تۈگەتكەندەك بولىدۇ. تېمۇر شۇ چاغلاردىكى بەختسىزلىكلەر جەريانىدا تاۋلىنىپ، كېيىن ناھايىتى شانۇ شەۋكەتلىك ئىستىقبالغا ئىگە بولالىدى. ئۇ يېقىنلىرى بىلەن بىرگە ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن يوشۇرۇن ھالەتتە كېشىكە كەلگەندى. ئۇ جايدا ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرى ۋە باللىق چاغلىرىدىكى دوستلىرىنى توپلاپ، ئامۇ دەريا ساھىللىرىدا قاراقچىلىق قىلىپ يۈردى. ئاخىر سەيستانغا ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ يەردە بەزىدە غەلىبە قىلىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ، بىلوژلاردىن بىر ئىككى قەلئەنى ئالدى. بەزىدە يەنە تارتقۇزۇپ قويىدى. مانا مۇشۇ خىل جەڭلەرنىڭ بىرىدە تېمۇر ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىپ ئۆمۈرلۈك ئاقساق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پارسلار ئۇنى تېمۇرلەڭ، يەنى ئاقساق تېمۇر دەپ ئاتايدۇ. ئۇ جاراھىتىنى داۋالاش بىلەن بولۇپ ماجرالاردىن چەتتە تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ دوستى ھۈسەيىن بەلخنى ئىشغال قىلدى. تېمۇر تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئىككىسى بىرلىشىپ ئادەم

توپلاشقا كىرىشتى. تېمۇر تەرەپدارلىرىنىڭ سانى تېزلىك بىلەن كۆپىيىپ 1500 كىشىگە يەتتى. ئۇ ئەمدى ئىلياس خوجا تەرىپىدىن ئۆزىگە قارشى ئەۋەتىلگەن قوشۇنغا تاقابىل تۇرالايتتى. ھىجرىيىنىڭ 765 (مىلادىيىنىڭ 1363)- يىلىدا جەيھۇننىڭ سول تەرىپىدىكى قۇندۇز شەھىرىنىڭ يېنىدا ئۇلارغا قارشى بىرىنچى جەڭ بولۇپ، بۇ جەڭدە تېمۇر غالىب كەلدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى بەش ھەسسە كۆپ ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي تېمۇر ئىلياس خوجىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى جەيھۇننىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە قوغلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جىتېلارنى توختىماي تەقىپ قىلىش قوغلاش باشلاندى. نەتىجىدە چاغاتايلار ماۋەرائۇننەھردىن پۈتۈنلەي قوغلاندى.

بۇ چاغلاردا تۇغلۇق تېمۇرخان ۋاپات بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئوغلى سەيھۇننىڭ نېرىقى تەرىپىگە — ئالمىلىققا ئاتىسىنىڭ تەختىنى ئىگىلەش مەقسىتى بىلەن كەتكەنىدى. بۇ ھال تېمۇرگە ئوڭايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەڭ ئاخىرقى موغۇللار ماۋەرائۇننەھردىن كەتكەندىن كېيىن تېمۇر سەمەر قەنتكە كىردى. ئاھالە ئۇنى سەمىمىيلىك بىلەن كۈتۈۋالدى. خوشاللىق ۋە بايرام تەنتەنىسى باشلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتقىچە يوشۇرۇنۇپ ياشاۋاتقان خوتۇنى كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئەمدى تېمۇر ئانا خەلقىنىڭ ھەقىقىي پادىشاھى بولدى. ئۇنىڭغا شۇ چاغدىلا تەختكە ئولتۇرۇشقا تامامەن مۇمكىنچىلىك بار ئىدى. لېكىن، ئۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن يەنە كۆپ توسالغۇلۇقلارنى يېڭىشى، كۆپلىگەن رەقىبلىرىنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىشى كېرەكلىكىنى بىلدى. خانلىق ئۇنىۋانى ئېلىش بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلياس خوجا تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان چاغاتاي تەختىگە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى تارمىقىنىڭ ۋەكىلىنى ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلتاي چاقىرىپ، قابۇلشاھنى ھۆكۈمدار قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئابرۇيىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كېلەچەكتىكى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلىدى.

توغرا، جىتېلار ماۋەرائۇننەھرنى ئاسانلا قولىدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايتتى. تېمۇر قىشنى سەمەر قەنتتە ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا جىتېلارنىڭ ئىلياس خوجا قوماندانلىقىدا تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدى. دەرھال دوستى ئەمىر ھۈسەيىنگە خەۋەر بەردى، ئۇ كىچىك قوشۇنى بىلەن كېلىپ تېمۇرگە قوشۇلدى. تېمۇر قارار گاھىنى چىناز بىلەن تاشكەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇردى. ھۈسەيىن سىردەريانى كېچىپ تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە قارشى سەپ تارتتى. تېمۇر قوماندانلىقىدىكى ئوڭ قانات قوشۇن دۈشمەننى يېڭىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئەمما، ھۈسەيىن رەھبەرلىكىدىكى سول قانات قوشۇن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. پەقەت تېمۇرنىڭ ھەربىي ماھارىتى ۋە ئېھتىياتچانلىقى ئۇنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ ھال ئىككى دوست ئارىسىدا نىزا پەيدا قىلىپ ئۇلار رەقىبلەرگە ئايلىنىپ قېلىشتى. نەتىجىدە بولار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللارغىچە توقۇنۇش بولۇپ تۇردى. ئاخىر ئەمىر ھۈسەيىن يېڭىلىپ، تېمۇر غەلىبە قىلدى. بۇ ئىش مۇنداق بولدى: جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەن 3000 ئەسكەرنى قالدۇرۇپ ھەر ئىككى سابىق ئىتتىپاقداشلار قوشۇنى ئۆز ئورنىغا چېكىندى. ھۈسەيىن سىر دەريانىڭ ئىككىنچى قىرغىقىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ پايتەختى سالسارايغا قايتتى تېمۇر قارشىغا چېكىندى. جىتېلار بولسا مەنىسىز رەۋىشتە جەنۇبقا

هەرىكەت قىلىپ، سەمەرقەندنى قامال قىلىۋالدى. ئەگەر ئۇلار شەھەرنى ئېلىۋالسا موغۇللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى تەكرارلايتتى خالاس. ئەمما، بۇ ئورۇندا كەڭ تارقالغان «ئات ئۆلەتى» (پارس ۋاباسى) كېسەللىكى سەۋەبى بىلەن يۈك - تاقلىرىنى يەلكىلىرىگە زورىغا يۈدۈپ، بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تېمۇر ئىككىنچى قېتىم ئىتتىپاق تۈزۈپ ھوجۇم قوزغىغان بولسا موغۇل ھاكىمىيىتى ئۇزاق مۇددەتكىچە ياكى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، كونا سەپداشلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش ناھايىتى كۈچىيىپ كەتتى. ھىجرىيىنىڭ 767 (مىلادىيىنىڭ 1365 ) - يىلىدا تېمۇر ھۈسەيىنگە قارشى تۇرۇشقا ۋە شىمالدىكى جېتەلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۈزىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ھۈسەيىن ئىگىلەپ تۇرغان مەملىكەت چوڭراق بولۇپ، ئاھالىسى تېمۇرنىڭكىدىن كۆپرەك ئىدى. شۇنداق بولغاچقا تېمۇر دۈشمەننى ئاجىز دەپ ئويلىمىدى. ئالدى بىلەن شاۋقۇن - سۈرەن ۋە تەھلىكە سېلىش ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىپ كۆردى. تېمۇر دۈشمىنىنى بۇ يول بىلەن تۇزاققا چۈشۈرەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەنلىكتىن جەيھۇننىڭ نېرىقى ساھىلىغا ئەمىر موسىي قوماندانلىقىدا لەشكەر ئەۋەتتى. لېكىن ئۇلار بىرىپلا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۈسەيىننىڭ ئۆزى سالىسارايدىن ھەرىكەت باشلاپ، بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن جەيھۇننى كېچىپ ئۆتتى. دەريا ساھىلىدىكى بىتىك چاكچاك دېگەن جايدا قارارگاھ قۇردى. تېمۇر دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال قارشىغا كېيىن بۇخاراغا چېكىندى. بۇ يەردە ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ياخشىراق تونۇشماقچى قارار قىلدى. تېمۇر ئۇلاردىن ياردەم تەمە قىلاتتى. بۇ جايدىكى ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ماۋەرائۇننەھرنى ۋاقىتلىق ھۈسەيىنگە قالدۇرۇپ ئۆزى غەربىي خوراسانغا ھۇجۇم قىلىش باھانىسىدا دۈشمەن تەقىبىدىن قۇتۇلۇشقا ئورۇندى. ھۈسەيىن شۇ سائەتتىلا بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى.

... ئۇلار قوراللىنىپ ھۈسەيىن ئەسكەرلىرىگە قارشى چىقتى. ھۈسەيىننىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئۇلارنى ئورىۋېلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. يېڭىدىن ھوجۇم قىلىشقا ئىمكانىيەت قالمىدى. ھۈسەيىن ئەسكەرلىرى ماۋەرائۇننەھرنى ئورۇنسىز ۋەيران قىلىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن بىر ۋاقىتتا، تېمۇر پۈتۈن قىش بويى ئورۇشقا تەييارلىق قىلىۋالدى. بۇخارادا جەيھۇننى كېچىپ ئۆتۈپ، قەھرىمانلارچە ھوجۇم بىلەن قارشى، سەمەرقەنت ئەتراپىدا ۋە تاشكەنت يولىدا ناھايىتى ئاز، لېكىن غەيرەتلىك كىشىلەر بىلەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ جەڭلەردە ئۇنىڭ ئوغلى جاھانگىر چوڭ جاسارەت كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇ ئىتتىپاقچىلىرى كەيخۇسراۋ جالائىربىلارنىڭ ياردىمىنى كۈتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشكەنىدى. كەيخۇسراۋ ئۆزىنىڭ قىزىنى جاھانگىرگە بەردى. تېمۇرنىڭ ئۆزىگە بولسا ياردەمچى ئەسكەر قوشۇنىنى ئەۋەتتى. تېمۇر ئاشۇ قوشۇن بىلەن ھوجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننى جەيھۇننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى. ۋە سەيھۇن تەرەپكە قاراپ قىستىدى. رەقىبىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ غەلىبە يېتەرلىك ئىدى. ئەمما، جالائىر ئورۇقى بىلەن بولغان ئىتتىپاق ھۈسەيىنگە چوڭ خەۋپ كەلتۈردى. شۇڭا، ھۈسەيىن ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنى سۈلھى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشنى لايىق كۆردى. تېمۇر ئۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى. سەۋەبى ئۇ ماۋەرائۇننەھرنىڭ تاشقى ئىشلىرىغا كۈچ بىلەن

ئارىلىشىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيتتى ياكى تېمۇر مەدھىيىچىلىرىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا مۇمىنلەر ئارىسىدا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ (ياغمىنىڭ) داۋاملىشىشىنى خالىمايتتى. قانداق بولۇشىغا قارىماي سۇلھ تۈزۈلدى، ھەتتاكى ھۈسەيىنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن بەدەخشان ئەمىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تېمۇرنىڭ ئۆزى جەيھۇننىڭ بۇتەرىپىگە ئۆتتى. سۇلھنى مۇستەھكەملەش كابۇلنى ئىگىلەش بىلەن مەملىكىتىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە ھۈسەيىن بىلەن تېمۇردىن ئىبارەت ئىككى رەقىب بىر - بىرىگە قارشى ھەربىي يۈرۈشكە ئىشتىراك قىلدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشالمىدى. جېتېلار يۇقىرى سەيھۇنغا تاجاۋۇز قىلىپ يەنە تەھدىتىنى باشلىدى. تېمۇر ئۇلارنى تەقىپ قىلىپ بەدەخشاندىن كەتتى ۋەجېتېلارنى قوغلىدى. لېكىن، شۇنداق پەيتتە ھۈسەيىن ئىختىلاپنى توختىماي كۈچەيتىپ، رەقىبىنى يەنە قولىغا قورال ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. تېمۇر بەلخقە يۈرۈش قىلغاندا ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىدا ھۈسەيىنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ئادەملىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار شەرەپىددىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ھۈسەيىنىڭ دائىملىق ۋەسۋەسىلىرىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغانىدى. ئەمما، ئېھتىمالكى ئۇلار تېمۇرنىڭ ئامەتى كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ تەرىپىگە ئوتۇۋالغانمىدۇ؟ ھۈسەيىن بۇنىڭغىمۇ ئېتىبار قىلماي جان جەھلى بىلەن مۇداپىئەگە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى شۇ بولدىكى، بەلخ كۈچ بىلەن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ھۈسەيىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئەھۋال مۇنداق يۈز بەردى. ئۇ باش ئېگىپ قەلئەدىن چىقىپ، غالىب رەقىبىنىڭ لەشكەرگاھىغا كەچۈرۈم سوراپ باردى. ئۆز ئىشلىرى ئۈچۈن تۆۋا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھايات قالدۇرۇلۇشىنى تىلىدى. مىرخاندىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، «ھاجى بولۇش ئۈچۈن، كەئبىگە بارماقچى ۋە ئۇ يەردە ئۆز گۇناھلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيماقچى» ئىدى. تېمۇر بۇنىڭغا نىسبەتەن ئالىيجانابلىق كۆرسىتىپ، سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ ئاكىسىنى ئەپۇ قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ سارىيىدىكى تۆرىلەر ھۈسەيىنىڭ سەۋەبى بىلەن تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ۋە تەقىپ قىلىنغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئاخىر ئۇلار ھۈسەيىنىڭ ھاياتىغا قەست قىلدى. تېمۇر بۇنىڭغا ئۇزاق مۇددەت قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كېيىنچە رازىلىق بىلدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ياشلىقىدىلا بىللە قورال تۇتقان دوستى، بەختسىز رەقىبى مۇناردىن ئەنە شۇنداق ئىرغىتىپ تاشلاندى. ئۇ ئاخىرقى مىنوتلاردا ئەنە شۇ جايغا قېچىپ كەلگەنىدى. بۇ ۋەقە ھىجرىيىنىڭ 771 (مىلادىيىنىڭ 1369) - يىلى سادىر بولدى.

ئەمدى تېمۇرنىڭ رەقىبى قالمىدى. ئۇنىڭ تاشقى دۈشمەنلىرى جۈملىدىن شەرقتىكى جېتېلار مۇ قوغلاندى. تېمۇر ئەمدى پەقەت نامىلا بار قورچاق پادىشاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك شاھلىق تاجىسىنى كېيىشنى ئويلاشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى. ئەمما، ئۇ بۇ ئەلا شەرەپكە ئۆز يولى بويىچە، مىللەت مەجلىسى - قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىمى ئارقىلىق ئېرىشىشنى خالايتتى. چىڭگىزخاندىن كېيىن نەچچە ئەسىر ئۆتكەندە تېمۇرگە نېسىپ بولغان بۇ نادىر قەيسەرلىك (سىزارلىق) خىيالىنى شەرققە خاس مۇراسىملا ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى. مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن بەلختە ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا قەدىمكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۆرىلىرى، تېمۇرنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى بىللە قورال

تۇتقان سەپداشلىرى، تېمۇرنىڭ بۇرۇنقى دۈشمەنلىرىمۇ ھازىر بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەمىر شەيخ مۇھەممەد، بايان سولدۇزى، ئەمىر ئۆلجايتو، كەيخۇسراۋخەتتەلانى، ئەمىرداۋۇد دوغلات، ئەمىر ساربۇغاي جالايىر، ئەمىر جاقو بارلاس، ئەمىر زىندە ھاشىم ۋە باشقا مۆتىۋەر تۆرىلەر بار ئىدى. تېمۇر قەدىمكى تۈرك ئادەتلىرى بويىچە ئاق كىگىزنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تېمۇرنىڭ پىرى ھېسابلانغان سەئىد بەراكە دۇئايى فاتىھە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەمىرى دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ ھىجرىيىنىڭ 771 - يىلى رامىزاننىڭ 10 - كۈنى (مىلادىيىنىڭ 1369 - يىلى 8 - ئاپرېل) ئىدى. تېمۇر ئۆز يېقىنلىرىغا قىممەتلىك سوۋغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلدى. يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلدى. جەيھۇننىڭ بۇ تەرىپىدە ھاكىمىيەتنى تىكلىۋالغاندىن كېيىن، سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىش ئۈچۈن دەريانىڭ ئۇ ساھىلىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، سەمەرقەنت شەھىرى تېمۇر ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ سەپەر مۇشەققەتلىرىدىن كېيىنكى ئىستىراھەت قىلىدىغان جايى بولۇپ قالدى. ئاسىيا دۇنياسىنىڭ تۆرلۈك مەملىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ قولىغا چۈشىدىغان بارلىق غەنىيمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ شەھەرگە توپلاندى.

تېمۇر باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھالىدىن كەتكەن بۇ مەملىكەتتە قانۇن ۋە تەرتىپ ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئىسلام مۇخلىسى بولۇشىغا قارىماي، چىڭگىز نىزاملىرىغىمۇ ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن قارايتتى. بۇ قانۇنلار تۇران ھاكىمىيىتىنىڭ ھېكمەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق بولغانلىقتىن، تېمۇر ئۇنى لايىق تاپقانىدى.

تېمۇرنىڭ قانۇنىغا بولغان ئىنتىلىشى، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئورۇننى مۇسۇلمان روھانىيلىرىدىن ھىمايە قىلىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئىدى. بۇ مەملىكەتنىڭ ھەر بىيلىرى ئارىسىدا ئىنتىزام جەھەتتە موغۇل جاھانگىرىنىڭ (چىڭگىزخاننىڭ) ئالىيجانابلىقىغا تەقلىد قىلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن تۆۋەندىكىدەك مەنسەپلەر تەسىس ئېتىلگەنىدى. تۈمەن ئاغاسى (ئون مىڭبېشى)، مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئونبېشى. سىياسىي مەمۇرىيەتمۇ بۇرۇنقى بويىچە بولدى. پەقەت سېلىق سېلىش قائىدىسى قۇرئان تەلىماتلىرىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلدى. تۆرلۈك مەنسەپلەرنىڭ ئاجايىپ پەرقلىرى، ساراي مۇراسىملىرىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى پۈتۈنلەي سالجۇقىيلار ۋە خارازمشاھلىرىنىڭ تەرتىپ قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئويۇشتۇرۇلدى. بەگلەر بېگى ياكى ئەمىرول ئۇمەرە مەنسەپلىرى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر، بۇ بىزنىڭ سەردارى ئەكرەمگە، «گېنېرال لىسمۇس» دېگەن ھەربىي ئۇنۋانغا باراۋەر كېلىدۇ. چوڭ قىزىل بايراق ئۇنىڭ ئالامىتى ئىدى، ئات يايلىسى بىلەن باغلانغان ئۇزۇن نەيزە ئونمىڭبېشىنىڭ تۇغى؛ ئىككى تەرىپىگە كوكولا ئېسىلغان ناغرا يۈزبېشىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىناتتى. پۈتۈن ئىگەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى تەبىل ئېسىپ قويۇلۇشى، سەلتەنەت مەمۇرلىرى ئادالەتلىك بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشى، دېھقانلارغا شەپقەتلىك بولۇشى، سودىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى تەكىتلەندى. قوشۇن مەمۇرلىرىغا ئاھالىنى ئۇزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش تاپشۇرۇلغاندىن سىرت، ھەر بىر ئاتلىقنىڭ ئىككىدىن ئېتى بولۇشى، ساداقلىرىنىڭ ئوقلىرى تولۇق بولۇشى، قىلىچى، جەڭ پالتىسى،

ھەربىسى ۋە 10 دانىدىن يىگىنىسىنىڭ بولۇشى، ئوفىتسېرلارنىڭ ھەربىي تاكتىكىنى پىششىق بىلىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەر ھازىرمۇ ئۆزبېك سىپاھلىرى ۋە تۈركمەن سەردارلىرى ئۈچۈن پەرھىز ھېسابلىنىدۇ. ئاددىي ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكىرى نىزاملارنى قەتئىي ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى، جەڭدە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان دىۋە يۈرەك بولۇشى، ھاياتلىق تەلەپ قىلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. ئەمەلىيەتتىمۇ تېمۇر ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى تەسۋىرلەپ كۆرسەتكىنىدەك ۋەھشىي ئەمەس ئىدى. «تېمۇر تۈزۈملىرى» دىكى مەلۇماتلار ۋە مەملىكەتنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش تەرتىپلىرى بۇ پىكرىمىزنىڭ ئېنىق دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەمۇرىيەت بېشىدا دىۋان بېگى (باش مىنىستىر)، ئۇنىڭ يېنىدا ئەرك بېگى (مۇراسىملارنى باشقۇرغۇچى) ۋە تۆت ۋەزىر قويۇلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، يەرگە سېلىنىدىغان سېلىقلار، بولۇپمۇ چېگرا بېجىنى يىغىش ۋە مىرشاپلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئىككىنچىسى، ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى، ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە باشقا تەمىناتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئەسكىرى شەخسلەرنىڭ ھەرخىل لاۋازىمىتى، ئۇلارنى مەنسەپلەرگە تەيىنلەش ھەم ئۇلارنىڭ مىراس ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. تۆتىنچىسى، ئاساسلىقى خاقان سارىيىنىڭ خىراجەتلىرىنى باشقۇرىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان پەيتلەردە، ھەر خىل سېلىقلارنى يىغىش ۋاقتىدا، كىشىلەرگە ناھايىتى سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشى شەرت دەپ بەلگىلىنىپ، قامچا قاتارلىق جازا قوراللىرىنى ئىشلىتىشى قەتئىي مەنئى قىلىنغان. بۇ توغرۇلۇق تېمۇرنىڭ ئۆزى مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر ۋالى ئۆزىنىڭ قامچىسىغا ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىسا، ئۇ تۆرىلىك لاياقىتىگە لايىق ئەمەس».

ھەقىقەتەن، 100 يىلغا يېقىن باشباشتاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن مەملىكەتتە قانۇننى جارى قىلدۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنى بىر - بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، تېمۇر باشتىن - ئاياغ ئىشغالىيەت ھەۋەسىگە بېرىلىپ، ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە قانۇننى ئىجرا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەملىكەتنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن خەۋپلىك دۈشمەنلىرىنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ خەۋپلىك دۈشمەن جېتەلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ۋەتىنىدىكى كۈچلىرى تېخى ھازىرمۇ مەلۇم دەرىجىدە قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى باشقىدىن ۋەيران قىلىش نىيىتى سېزىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تېمۇرنىڭ ئۆزى ئالدى بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. ھىجرىيىنىڭ 772 (مىلادىيىنىڭ 1370)- يىلى تېمۇرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىدىلا جېتەلار ئۆز ئىختىيارسىز تەسلىم بولدى. تېمۇر سەمەرقەنتكە قايتتى. لېكىن، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا يېڭى ۋالى كېبېكتېمۇر پارا كەنچىلىك پەيدا قىلدى. سەمەرقەنتتىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن غالىب كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇلھى تۈزۈش تەلىپىگىمۇ قارىماي، تۆمۈر ئۆز قوماندانىنىڭ ئىشىدىن نارازى بولۇپ، يېڭىدىن ئۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى ھەم ئۇلارنىڭ مەملىكىتىنى تالان - تاراج قىلىپ، نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۆز جايىغا قايتتى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتتى. جېتەلارنىڭ خانى قەمرىددىن كۆكتۆپە ئەتراپىدا نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ، تېمۇرنى كۈچلۈك

قوشۇن بىلەن كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە جەڭچىلار يەكسان قىلىندى. قەمىردىدىن ئارانلا قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇنىڭ ھەرىمى ۋە خەزىنىسى غالىبلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ھەرەم ئىچىدە ئۇنىڭ دىلشات ئىسىملىك گۈزەل قىزىمۇ بار ئىدى. تېمۇر بۇ قىزنى ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرى قاتارىغا قوشۇۋالدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ـ چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋېلىش نىيىتىگە پەقەت بەشىنچى قېتىملىق يۈرۈشى ئارقىلىقلا ئېرىشەلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەمىردىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ، مەملىكەتنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. تېمۇرنىڭ بۇ نىيىتى ھىجرىيىنىڭ 778 (مىلادىيىنىڭ 1376) ـ يىلى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ ئىشتىن كېيىن بىزنىڭ قەھرىمانىمىزنىڭ نەزەر كۆزى خارەزمگە چۈشتى. تېمۇر ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى قارار قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە كات، خىۋاك ھەتتا پۈتۈن خارازم ئىلگىرى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىدى، دەپ دەۋا قىلدى. بۇ جايلارنىڭ ھاكىمى ھۇسەيىن سوپى قوڭىرات تېمۇرگە باج تۆلەشكە مەجبۇر قىلىندى. تېمۇر ئۆزىنىڭ بۇ دەۋاسىغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ جايغا تاۋاچى ئەلقەمەنى ئەۋەتتى.

ھۇسەيىن ئۇنىڭغا: «مەن مەملىكەتنى قىلىچ بىلەن ئىگىلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قىلىچ بىلەن قولىغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ» . دېگەن جاۋابنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى. بۇ جاۋاب جەڭگە ئامراق مەغرور تېمۇرنى قورال ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ دەرھال خىۋاك ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرمەكچىدى. لېكىن، كېشىلىك شەيخ جالالىددىن بۇ مەسىلىنى تەجرىبە سۈپىتىدەكۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، يەنە بىر قېتىم سۈلھ تۈزۈشكە مەسلىھەت بەردى. بۇ تەقۋادار كىشىنىڭ مەسلىھەتى بۇرۇنقىدەكلا ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى.

تېمۇر ھىجرىيىنىڭ 773 (مىلادىيىنىڭ 1371) ـ يىلىنىڭ باھار مەزگىلىدە ناھايىتى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن خارەزمگە قارشى يۈرۈش قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا تەبرىكنامە ۋە كۆپلىگەن مەدھىيىلەرنى ئېلىپ ھىرات خاقانىنىڭ ۋەكىللەر ھەيئىتى يېتىپ كەلدى. قىممەتلىك سوۋغاتلار ئىچىدە «كۆك ئوغلان» ناملىق بىر جەڭ ئېتىمۇ بار ئىدى. شەرق تارىخچىلىرى بۇ ئاتنى مەدھىيىلەپ بولالمايتتى. بۇخارادىن كېيىنكى يول چۆل ـ جەزىرە ئارقىلىق باشلىناتتى. ئىنتايىن مۇشەققەتلىك قامالدىن كېيىن، ھازارەسپ يېنىدىكى كات مۇشەققەتلىك قامالدىن كېيىن ئىشغال قىلىندى. تېمۇر بۇ يەردىن خارەزمگە يول ئالدى. ھۇسەيىن سوپى ئاشۇ يەردە ئىدى. بۇ شەھەر، كەيخۇسراۋ ۋە خەتتەلانىينىڭ خىيانىتىگەقارىماي خارەزملىقلار ئۈچۈق مەيداندا ئاشكارا جەڭ قىلىشنى خالىمىغاندىن كېيىن ئىشغال قىلىندى. ھۇسەيىن مۇھاسىرە ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ قېرىندىشى يۈسۈپ سوپى سۈلھى تۈزدى. تېمۇر بۇ سۈلھىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوغلى جاھانگىرگە يۈسۈپنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىزى گۈزەل سۈيۈننى سوراپ تەكلىپ سۇندى. يۈسۈپ سوپى بۇ تەكلىپكە خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈردى. تېمۇر بۇ سەپەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشقانلىقىدىن شادلىنىپ ئارقىغا قايتىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ خارەزمدىن كېتىش بىلەنلا يۈسۈپ سوپى كەيخۇسراۋ ۋە خەتتەلانىينىڭ قوتراتقۇلۇقى بىلەن گۈزەل سۈيۈن توغرىسىدىكى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى، ئەكسىچە تېمۇرگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. تېمۇر ھىجرىيىنىڭ 774 (مىلادىيىنىڭ 1372) ـ يىلى ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈش باشلاپ، بۇ قېتىممۇ غەلىبە

قۇچۇپ قايتتى. گۈزەل سۆيۈننى نۇرغۇن بايلىق ۋە تويلۇق بۇيۇملىرى بىلەن بىللە ئوغلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. توي مۇناسىۋىتى بىلەن سەمەرقەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن بايرام ئىنتايىن تەنتەنىلىك بولدى. لېكىن، جاھانگىر بۇ ئىشتىن كېيىن پەقەت ئىككى يىلغىچىلا ياشىيالىدى. تۈزۈلگەن سۈلھىمۇ ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. تېمۇر خارەزمگە قارشى ئۈچىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا يۈسۈپ سوپىنىڭ كاللىسىغا قىزىق بىر ئوي پىكىر كەلدى. ئۇ ھەر ئىككى تەرەپ كىشىلىرىنىڭ قېنى بىھۇدە تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆزى تېمۇر بىلەن يەككىمۇ يەككە تۇتۇشۇش ئىستىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۈشمىنىگە قارىتا: «ئىككى ئادەم سەۋەبىدىن قاچانغىچە پۈتۈن خەلقئالەم جەبىر - جاپاغا مۇپتىلا بولىدۇ، ئىنسانىيەت ۋە مەملىكەتنىڭ خەيرلىكى ئۈچۈن بۇ ئىككى ئادەمنىڭ مەيداندا بىرىمۇ بىر ئېلىشىشلىرىنى تەكلىپ قىلىمىز» دەپ خەت يازدى. تېمۇر بۇ تەكلىپتىن بەكمۇ خۇشال بولدى. سەيپىددىن بارلاس تېمۇرگە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەھلىكىگە سالماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، تېمۇر ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە قارىماي، جەڭ مەيدانىغا بىرىنچى بولۇپ كەلدى - دە، ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دۈشمىنىنى چاقىردى. لېكىن، يۈسۈپ سوپى مەيدانغا چىقمىدى. ئۇ خەۋپسىرەش ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەكلىپىدىن ۋاز كەچتى. ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ 781 ( مىلادىيىنىڭ 1379 ) - يىلى خارەزم قەلئەسى تېمۇر تەرىپىدىن قامال قىلىنغان پەيتتە يۈسۈپ سوپى ۋاپات بولدى. غالىب تېمۇر ناھايىتى نۇرغۇن خەزىنىنى قولغا چۈشۈردى. ئۇ بۇ بايلىقلارنى ئۆلىمالار ۋە ماھىر ھۈنەرۋەنلەر بىلەن بىرگە كېش شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ غەلىبىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن بىر چوڭ ساراي بىنا قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئانا شەھىرىنىڭ يېنىدا قىش پەسلىنى ئۆتكۈزۈپ ئىستىراھەت قىلدى ۋە ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل بولدى.

تېمۇر دۈشمىنى - قېيىنئاتىسى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە جېتەلارنى شەرقىي شىمالغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن كۆپ شىجائەت كۆرسەتتى. لېكىن، غەربىي خارەزمدىكى دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىش بەكمۇ قىيىن توختىدى. چۈنكى، ئىككى سوپىنىڭ مەخسۇس ئەسكەر كۈچلىرىدىن باشقا قىپچاق خانى، ئالتۇن ئورداخانى جوجى ئۇلۇسىغا تەۋە بولۇش بىلەن ئۇلارغا يېقىن ياردەمچىلەردىن ئىدى. خارەزم ۋە ساراي ھۆكۈمرانلىرى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى تېمۇرگە قارشى يوشۇرۇن بىتىم تۈزۈشكەنىدى. بۇ ئىتتىپاقداشلاردىن بىرىنىڭ ھالاكىتى ئىككىنچىسى ئۈچۈنمۇ پاجىئەنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. تېمۇر خارەزمدىن غەلىبە بىلەن قايتىپ، پۈتۈن تۇراننى ئۆز قول ئاستىغا بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، سەيھۇن ۋە جەيھۇن ئارىلىقىدىكى ئورۇن ئۇنىڭغا تارلىق قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۆرنەك ھېسابلىنىدىغان جاھانگىر چىڭگىزخاننىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىشى لازىم ئىدى. بۇ بەختىيار تۇران قەھرىمانى ئۆز يۇلتۇزىغا قاراپ، پۈتۈن جاھاننى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلغاندەك سەزدى. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە «قانداقلا بولمىسۇن بىر مەملىكەتتە زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىق كۆچەيسە، ئاممىنىڭ تىنچلىقى ۋە ئاسايىشلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ھەر قانداق پاراكەندىچىلەرنى ۋە قانۇننى بۇزغۇچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇ دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىش كېرەك، ھەقىقىي ھۆكۈمدار ھەر بىر قوۋم ۋە قەبىلىنى ئۇلارغا

زۇلۇم سالغۇچىلاردىن ئازاد قىلىشقا ھوقۇقلۇق. مۇشۇ خىل نۇقتىئىينەزەردىن قاراپ، مەن خۇراساننى ئىگىلىدىم. پارس، ئىراق، شام مەملىكەتلىرىنى بويسۇندۇردۇم » دەپ يازغان. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان كىشىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، تېمۇر شائىرنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى قايتا - قايتا تەكرارلايدىكەن: «ئاللا پەقەت يالغۇز، بىرلا بولغىنىدەك، پادىشاھمۇ بىرلا بولۇشى لازىم. پۈتۈن دۇنيا ئۇلۇغ خانىنىڭ يەككە ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم» . جاھانگىرلىك ۋەزىپىسىنى بېجىرىش ئۈچۈن تېمۇرنىڭ تاكتىكا جەھەتتىكى ماھارىتىدىن، ئۆزىگە خاس شەخسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن تاشقىرى، جەڭ قىلىش جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىسى ۋە مۇھىمى، قول ئاستىدىكى ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇندىغان لەشكەرلىرى ماھىر سەركەردىلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىدىكى چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى جەڭ ماجىرالىرىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق نەمۇنىلىرىنى كۆرسەتكەن ئۆزىنىڭ قورالداش دوستلىرى ئىدى. ئۇنىڭ سەرھەڭلىرىدىن جاھانگىر بارلاس، سەيپىددىن بارلاس، ئاقبۇغا، ئوسمان ئابباس، مۇھەممەد سولتانشاھ، قەمەرىيە، تىبان باھادىر، ئورۇسبۇغا، پىرھۇسەيىن بارلاس، ھەمزە، ئەمىر مورىزادە، مۇھەممەد قازغۇن، سارىق ئەتكە ۋە مۇزەپپەر ئۇچقۇرا قاتارلىقلار ئۆز ماھارەتلىرىنى گاھىدا تېمۇر تەرىپىدە تۇرۇپ گاھىدا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ نامايان قىلىشتى. تېمۇرگە ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ ۋاقىتلاردىكى ئاسىيانىڭ پەرىشان ھالى مۇۋاپىق كېلەتتى، كېيىنچەرەك بولسا تۈركىستاننىڭ جاھانگىرلىك روھى ياردەم بەردى. موغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىنقىرازىدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇستەھكەملىكىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغانىدى. ھاكىمىيەت ناھايىتى كۆپ خانلىقلار ۋە بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆزئارا دۈشمەنلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشتى. بۇنداق ھالەتتە تېمۇرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، كۈچلۈك ۋە ئامەتلىك قولى ئەلۋەتتە ئىرتىشتىن گانگ دەرياسىغىچە، گوبى سەھراسىدىن مەر - مەر دېڭىزى بويلىرىغىچە يەككە - يېگانە ھۆكۈمرانلىق تەسىس قىلىشقا يېتەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

## ئەل - يۇرت، ۋەتەن توغرىسىدا

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ،
مۇساپىر ئايلىنىپ يۇرتىنى (تاپىدۇ).

ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتمە،
يۇرتنىڭ ئالدىغا (ئۆتمە).

ئادەم ئەلدە ياخشى،
ئاققۇ كۆلدە (ياخشى).

ئادەمنىڭ ياخشىسى ئەل - يۇرتۇم دەپ ئۆلەر.

ئانا بىلەن ئۆي ئاۋات،
ئاتا بىلەن ئەل (ئاۋات).

ئانا تىلىڭ - ئىككىنچى ئېلىڭ.

ئانا ماكان - جەننەتۇلرىزۋان.

ئانا يەردىن ئالتۇن ئالساڭ ئەلگە سۇن.

ئانا يۇرتنىڭ قوينى كەڭ.

ئەر ئەلنىڭ ئوڭ يېنىغا يۆلەك،
سول يېنىغا تىرەك.

ئەر دوستلۇقى - ئېگىز،
ئەل دوستلۇقى - دېڭىز.

ئەر قاغىسا بىر بالا،
ئەل قاغىسا مىڭ بالا.

ئەر قەدرىنى ئەل بىلەر،
ئەر بىلەن ئەل كۆكۈرەر.

ئەرگە ئەل ئىگە،
ئەلگە ئەر (ئىگە).

ئەل ئاغزىغا ئەلگەك تۇتۇپ بولماس.

ئەل ئامان بولسا پادشاھ غەمسىز بولار.

ئەل ئامان - شەھىرىڭ ئامان.

ئەلگە ئەل قوشۇلسا - دۆلەت،
ئەلدىن ئەل كەتسە - قىيامەت.

ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەر باغرىدا مىڭ ئۇشكە.

ئەل بىلەن كېسىلگەن قولدىن قان چىقماس.

ئەل تەختتىن ئايرىلسا،
ئەر بەختتىن ئايرىلار.

ئەل - توققۇزى تەل.

ئەل چۈشكۈرسە بوران چىقار.

ئەلدە بولمىسا ئەللىك يىلدىمۇ تېپىلماس.

ئەلدە يۈرگەن ئەل تونۇيدۇ،
يەر تېرىغان يەر تونۇيدۇ.

ئەلدىن ئايرىلغاننى يەر يۇتار.

ئەلدىن ئايرىلغاننىڭ ئەلگىكى تۇشۇك.

ئەلدىن ئايرىلغۇچە جاندىن ئايرىل.

ئەلدىن ئەلگە ئەپ تېگۇر،
ئەپ تەگمىسە گەپ تېگۇر.

ئەلدىن بېشىڭ تارتقىنىڭ،
مۇردا بولۇپ قاتقىنىڭ.

ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس،
دان بەرمىگەن يەر ئەمەس.

ئەلدىن قالغۇچە ئەردىن قال.

ئەلدىن كەتتىڭ ـ بەلدىن كەتتىڭ.

ئەلدىن ياغقان بەرىكەت ـ كۆكلەم يامغۇرى.

ئەلنى سېغىنغان ئايغا باقار.
ئەلدىن كەچكەن لايغا پاتار.

ئەلنىڭ نومۇسى ـ ئەرنىڭ نومۇسى.

ئەلنى ئويلىغان ـ ئۇخلىماس.

ئەلنى يامانلىغان ئەر زەبۇن.

ئەل قايان ـ سەن شۇ يان.

ئەلگە قايتماق ئەيىپ ئەمەس.

ئەل قەدرىنى نادان بىلمەس،
يەر قەدرىنى ھايۋان (بىلمەس).

ئەل قىساسى ـ مىنەلھەق.

ئەل كۆچسىمۇ يەر كۆچمەس،
ئەل كۆچكىنى سەل كۆچكىنى.

ئەلگە بارساڭ كۆيۈپ بار،
ئەل چېھرىگە سۆيۈپ بار.

ئەلگە بەرسەڭ ئېشىڭنى،
ئەرلەر سىلار بېشىڭنى.

ئەلگە كىرگىنىڭ ـ ئەقىلگە كىرگىنىڭ.

ئەل مېھرىنى ئۆتۈنمە،
ئوتىدا كۆي، ئۆكۈنمە.

ئەل ئېغىرىنى ئەر كۆتۈرەر،
يۈك ئېغىرىنى نار (كۆتۈرەر).

ئەل ئىچىدە ئەر ئەزىز،
ئەل ئەجرىدە قۇت دېڭىز.

ئەل ئىشىغا ئېرىنمە،
مىننەت قىلىپ كېرىلمە.

ئەل يەكلىگەننى يەر يەكلەر.

ئەمەلدىن كەچ، ئەلدىن كەچمە.

بېشىڭدا ئالتۇن تاج بولسىمۇ سەن ئەلگە موھتاج.

بېشىڭ كۆككە تاقاشسا خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل.

بېشى يوقنىڭ ئېشى يوق.

بېلىگىنى سۇندۇرغان ـ ئېلىگىنى سۇندۇرالماس.

پادىشاھسىز ئەل يېتىم،
ئىگىسى يوق يەر يېتىم.

تاغنىڭ تىرىكى يەردە،
ئەرنىڭ يۆرىكى ئەلدە.

تورغاينىڭ جەننىتى - يانتاق تۈۋىدە.

تون ياقىسىز بولماس،
ئەل ئاغىسىز (بولماس).

تۇغۇلغان يەرگە تەزىم ئەت.

تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى ئالتۇن، سۈيى شەربەت.

تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە.

جاندىن كەچسەڭمۇ ماكاندىن كەچمە.

دۈشمەننىڭ قارغىشىدىن قورقما،
ئەلنىڭ رەنجىشىدىن قورق.

دېھقاننىڭ ئوبدىنى يېرىنى تېرىيدۇ،
ئادەمنىڭ ئوبدىنى يۇرتىدا قېرىيدۇ.

سەركىسىز پادا يولدىن ئازار.

سۆنىڭ ئىزدەيدىغىنى يەرنىڭ يۇچۇقى،
ئادەمنى ئەزىزلەيدىغىنى يۇرتنىڭ قۇچىقى.

شەھەر دەرۋازىسىز بولماس.

قوم تەۋرىسە يەرگە پاتار،
ئەل تەۋرىسە نەگە پاتار؟

قىيام قىلماي ناۋات بولماس،
تەر تۆكۈلمەي يۇرت ئاۋات بولماس.

كۆپتىن ياماناپ كۆمۈلمەي قاپتۇ.

كىشى يۇرتىدا ئامبال بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئابدال بول.

كىشى يۇرتىدا بەگ بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا سەگ بول.

كىشى يۇرتىدا شاھ بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا گاداي بول.

مۇساپىردەك غېرىپ بولماس،
يۇرتنى يەردە تېرىپ بولماس.

ھەر يەرنىڭ تۆلكىسىنى ئۆز تايغىنى ئالار.

ئۆزگە يۇرتنىڭ بېشى بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭنىڭ تېشى بول.

ئۆز ماكانىڭ - گۈلىستانىڭ.

ئۆز ئېلىڭ - ئالتۇن بۆشۈك.

ئۆز ئېلىدە مېھرىگىياھ -
ياقا يۇرتتا شۇمبۇيا.

ئۆزۈڭ ئۇچۇن كۆل،
يۇرتۇڭ ئۇچۇن ئۆل.

ئۇگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ،
يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان (يەپتۇ).

ۋەتەنسىز ئادەم
ھاياتى ماتەم.

ۋەتەنسىز ئەر - ھوسۇلسىز يەر.
ۋەتەنسىز كىشى - ناخشىسىز بولبۇل.

ۋەتىنىڭ قۇدرەت تاپسا،
جان - تېنىڭ راھەت تاپىدۇ.

ئىناق ئەلدە جاپا يوق،
ئىناقسىز ئەلدە ۋاپا يوق.

ئىناق ئەلدە رەھىم كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە ۋەھىم (كۆپ).

ئىناق ئەلنىڭ يۇرتى بازاردەك،
ئىناقسىز ئەلنىڭ يۇرتى مازاردەك.

ئىناق بولسا ئەل،
ھەممە بولار تەل.

يالغۇز يۇرۇپ يول تاپقىچە
چىشلىڭ تۆكمەلەر.

يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر،
ئەل بىلەن ئەر (كۆكىرەر).

يامغۇر ياغسا يەرنىڭ بەركىتى،
مەرد توغۇلسا ئەلنىڭ بەركىتى.

يۇرت سۆيمەسنىڭ ئىمانى سۇس بولىدۇ،
يۇرت سۆيەر ئەل راۋۇرۇس بولىدۇ.

يۇرتقا پاتمىغان ھىچ يەرگە پاتماس.

يۇرتنى يۇدۇپ بولماس.

يۇرتۇڭنى ئاۋات قىل،
بەختىڭنى ئاۋات قىل.

يىرى بارنى يەر باقار،
يەر باقمىسا ئەل باقار.

يىغا كەلسە ئەلنىڭ يىغىسى بىر بولۇر.

## ئۆملۈك، ئىناقلىق توغرىسىدا

ئات كىشنىشىپ تىپىشار،
ئادەم سۆزلىشىپ (تىپىشار).

ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم.

ئادەم ئادەمگە قوشۇلار،
تاغ تاغقا قوشۇلماس.

ئادەمنىڭ كۈنى ئادەم بىلەن.

ئازغان ئات ئارغىماق بولماس.

ئاغا - ئىنى ئىناق بولسا ئات تۇلا،
ئىگىچە - سىڭىل ئىناق بولسا ئاش (تۇلا).

ئايرىلغان ئازار،
قوشۇلغان ئۇزار.

ئەل كىرگەن كىچىككە كىرمىسەڭ غەرق بولسەن.

ئەمگەك قىلماي ھالاۋەت يوق،
ئىناق بولماي سائادەت يوق.

بىر تاردا راۋاب چالساڭ سادا چىقماس.

بىر قىتىم جىدەل بولغان ئۆيدىن
قىرىق كۈن بەرىكەت قاچار.

بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسستار.

بىرلەشكەن ئۇزار،
بىرلەشمىگەن توزار.

بىرلىك بولماي كۈچ بولماس.

بىر ياقىدىن باش،
بىر يەڭدىن قول.

بىرنىڭ ئۈنى بىر.

بىلەك بىر،
بارماق باشقا.

بىللە يىگەن ئاش تەملىك،
بىللە قىلغان ئىش كۆڭۈللۈك.

پادىچى ئىككى بولسا ئارىدا توقلا ئۆلەر.

توپ بولغان توق بۆلار.

توپتىن ئايرىلغان تورغا چۈشەر.

توپتىن ئايرىغان غاز توپ قاغىغا يەم بۆلار.

توپ مالغا بۆرىمۇ يېقىن كېلەلمەس.

تونۇرى بىر،
كۆسىيى باشقا،

تۆت كىشى تۆگەل بولسا تاشتىمۇ گۆل ئۈندۈرەر.

جېدەلنىڭ چىرايلىقى يوق،
ھاقارەتنىڭ تاتلىقى يوق.

دەرەخنىڭ شېخىدىن تارتساڭ غولى ئېگىلەر.

دەريانى بۆلگەن تارام،
قوشۇننى بۆلگەن قارام.

سۇنى ئېقىشىغا باق،
خەلقنىڭ خاھىشىغا باق.

شېرىكلەرنىڭ يۈرىكى شىردەك.

قاتاردىن قالغۇچە خەتەردە قال.

كۆپ بىلەن كۆرگەننىڭ ھەممىسى توي.

كۆپتىن قاچقان قۇتۇلماس.

كۆپچىلىك بىرلەشسە تاغنىمۇ يىقىتار.

كۆپچىلىك نەدە؟
توقچىلىق شۇ يەردە.

كۆپچىلىك بىر مۇشتتىن ئاتسا ئۆلتۈرىدۇ،
بىر بۇردىدىن بەرسە تويدۇرىدۇ.

كۆپكە يېقىن - كۆككە يېقىن.

كۆپكە يۆلەنسەڭ كۆكلەيسەن.

كۆپنىڭ تەلىپى ئەجابەت.

كۆپنىڭ قارغىشىغا يولۇققان ئاغرىماي ئۆلەر.

كۆپ ئېغىز بىر بولسا بىر ئېغىز يوق بۆلار.

كوپ ياققان ئوتنىڭ شولىسى كۆككە يېتەر.

كوۋرۇك جامائەتنىڭ.

مۇشۇكتەك يالىشىپتۇ،
ئىتتەك تالىشىپتۇ.

مىڭ ئىشچىغا بىر باشچى.

ھەسەن - ھۈسەن ئىككى پادىشاھ،
بىر - بىرىنى چىشلەپ تارتىشار.

ئۆز بېشىدىنلا چۈشۈن قورۇپتۇ.
ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرمە.

ئۆم بولمىسا ئەل بولماس،
ھېچبىر ئىش ھەل بولماس.

ئۆملۈك - ئۈنۈملۈك.

يالغۇز ئادەم جەننەتتىمۇ زېرىكىپ قالار.

يالغۇز تېرەك بوستان بولماس،
قوي تېرىسى ئۆلتان بولماس.

يالغۇز تېرەككە جىن يامىشىپتۇ.

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس،
ئىناق ئۆتكەن ۋەيران بولماس.

يالغۇز كىشىگە يول يىراق.

يالغۇزنىڭ ئۈنى چىقماس،
ياياقنىڭ چېڭى (چىقماس).

يالغۇز يۈرۈپ يول تاپقىچە
كۆپ بىلەن يۈرۈپ ئادىشىپ كەت.

يولدىن چىقساڭمۇ كۆپتىن چىقما.

## ئادەمنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

ئابدال پادىشاھ بولسىمۇ تىلەپ يەيدۇ.

ئابدال سەمرىمەس،
ئوغرى بېيىماس.

ئات كۆرمىگەن ئات تاپسا ھەر كۈنى مىنىپ ئۆلتۈرەر.

ئادەمگە ئادەم ئوخشىماس.

ئادەمنىڭ ئەسكىسى تۈگىمەس،
سامالنىڭ توپىسى (تۈگىمەس).

ئادەمنىڭ ئەسكىسى دالىتەك،
تاماقنىڭ ئەسكىسى نانتەك.

ئادەمنىڭ ساددىسى — ئېشەكنىڭ مادىسى.

ئادەمنىڭ كەينىدە قۇيرۇقى يوق،
بويىندا يايلىسى يوق.

ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار.

ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققىلى بولماس.

ئادەمنىڭ ئىنجىقى يامان،
ئىتنىڭ قانجىقى (يامان).

ئازمايدىغان ئادەم يوق.

ئاش يەپ قاچا بىكارلاپتۇ،
يول مېڭىپ كوچا بىكارلاپتۇ.

ئاغزى يوغاننىڭ ئۆزى يوق،
كۆزى يوغاننىڭ سەتى (يوق).

ئاق كۆڭۈلدىن قارامىلىق كەلمەس،
قارامىلىق كەلسىمۇ يامانلىق كەلمەس.

ئاق كۆڭۈلنىڭ ئېتى ھارماس،
تونى توزۇماس.

ئالىقانچە يەردە ئالتە كۆرۈنۈپتۇ.

ئاۋۋال ئۆز ئەيىبىڭنى بىل،
كېيىن ئۆزگىدىن كۆل.

ئەسكى كەتمەنگە ساپ تۇشۇماس،
نومۇسسىزغا گەپ (تۇشۇماس).

ئەسكىگە ئۆلۈم يوق،
ياخشىغا كۈن يوق.

ئەسكىلىككە دەسمايە كەتمەيدۇ.

ئەسكى ئۆزىنى بىلمەس،
كىشىنى كۆزىگە ئىلمەس.

ئەگرى دەرەخنى كەسمەي تۈزەلمەس.

ئەگرى كۆچىدىن يۈرسەڭمۇ توغرى يۈر.

ئەگرى كۆكۆلدە ئەگمە تولا.

بالىسىنى شاكىلات بىلەن ئالداپتۇ،
باشلىقىنى دوكىلات بىلەن (ئالداپتۇ).

بەڭگە بوۋىسىنى ماختار.

بەڭگىگە ئېرىق دەريا كۆرۈنەر.

بوي بويىغا توغرى كەلسىمۇ
ئوي ئويىغا توغرى كەلمەس.

بوش تۇتسا ئۇچۇپ كېتەر،
چىڭ تۇتسا مىجىلىپ (كېتەر).

بۆرۈت يىگىتنىڭ ياڭزىسى،
ساقال پوقاقنىڭ مىلەڭزىسى.

بوقا ھەيۋە قىلىدۇ،
ئۇششۇق غەلۋە (قىلىدۇ).

بۇلتۇر يېدى خوۋانى،
بۇ يىل چىقتى زوۋانى.

بىر بۇغداي يېسە سەمرىپتۇ.

بىر ياخشىنىڭ بىر ئەسكىلىكى بار،
بىر يامانىنىڭ بىر ياخشىلىقى بار.

بىكارچىدىن بېزىپ قاچ،
چېقىمچىدىن كۆچۈپ قاچ.

بىگىز قاپتا تۇرماس،
نامەرد گەپتە (تۇرماس).

پاتمۇچۇقنىڭ كىلەبولمىقى مىڭ يىللىق.

پادىچى قىزنىڭ جۇۋۇنى پادا كەلگەندە تۇتۇپتۇ.

پالچىنىڭ ئوغلى - مۇللا تاپقاق.

پەرىشتە دىۋىگە ھەمراھ بولسا دىۋىنىڭ خۇيىنى ئالىدۇ.

پەس - قىلىدۇ قەست.

پەيلى يامانىنى خۇدا تاپار.

پۇللۇق ھۇنەر بورىچىلىق،
يۈزلۈك ھۇنەر شوۋىچىلىق.

پىسە پىسىنى كىچىدە تونۇيدۇ.

پىتنىخۇر تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرەر.

پىتنىخور شەيتانىنىڭ شېرىكى.

تادان غىمىنى ئۆزى قىلىدۇ.

تاز ئاچچىقىنى تىرناقتىن ئالار.

تاز - تازنى كۆرسە بېشى قىچىشار،
باجا - باجىنى كۆرسە قوڭى قىچىشار،
سازچى سازچىنى كۆرسە قولى قىچىشار.

تازغا تاغاق نە كېرەك،
قاشاڭغا باغاق (نە كېرەك).

تازغا كەمچەت تۇماق ياراشماس.

تاز قىزغا تاغاق ياقماس.

تازنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن.

تازنىڭ نېمىسى بار تۆمۈر تاغىقى،
گادايىنىڭ نېمىسى بار، بەش پۇڭ يارمىقى.

تاغقا يامغۇر كار قىلماس،
قىلىنغا گەپ (كار قىلماس).

تەلۋە ئات مىنسە تەگرىنى تونۇماس.

تەلۋە تاش توپلار.

تەلۋىگە تاياق تونتقۇزما،
بۇۋاققا ماياق (تونتقۇزما).

توغرى بولساڭ كىبلەر ئامىتىڭ،
ئەگرى بولساڭ سۇنار قانىتىڭ.

توغرى كىشى تىلى ئەگرىدىن ئار قىلىدۇ.

توغرىلىق تۆرگە،
ئوغرىلىق گۆرگە.

توغرى ئىشنىى يەر،
ئوغرى بىشنىى (يەر).

توكۇرنىڭ مىگىشى تولا،
گاچىنىڭ ناخشىسى (تولا).

توڭگۇزنى يۇساڭمۇ توڭگۇز.

توغما قارىغۇغا توخۇممۇ قارا.

تۇل خوتۇننىڭ دەردى تولا،
تۆھمەتخورنىڭ ئەرزى (تولا).

تۆگىدە تىز يوق،
جالاپتا يۈز (يوق).

تۆھمەتخور ئۆز كىپىنىنى يەيدۇ.

تۈز يەردىن لاتقا چىقىرىپتۇ،
سىلىق يەردىن پۇتاق (چىقىرىپتۇ).

تۈلكىنىڭ ئوۋسىغا كىشەنمە،
مۇغەمبەرنىڭ توۋسىغا (كىشەنمە).

تىلەمچىدىن پۇل سورىما،
ناگەھلىدىن يول (سورىما).

جالاپ پەرىشتەنىمۇ ئازدۇرار.

جاھانغا پاتمىغان گۆرگە پاتار.

جاھىللىق - جان ئازابى.

جىننىڭ قەستى مەسچىتتە.

جىمغورنىڭ تەدبىرىگە باق.

چاپاننىڭ ئالدى پىشى بۇرۇن يىرتىلار.

چەت بىنامىنىڭ تۈلكىسى كۆپ،
خۇشامەتچىنىڭ كۇلكىسى (كۆپ).

چەرچەندە ئىشەك ئۆلۈپتۇ دىسە
تىرىسىنى مەن سويغان دەپتۇ.

چۈشەك بىر،
چۈش باشقا.

چۈشەكنىڭ تارلىقى تارلىق،
كۆكۇلنىڭ تارلىقى - خورلۇق.

چىقىمچىغا چەكسى يوق،
غەيۋەتخورغا ھىچنىمە يوق.

چىت ئاجىز بولسا ئىت بۆسەر،

چىۋىننىڭ كۆڭلى پوقتا چۈشۈپتۇ.

خام كىشىنى خۇشامەت خاراب قىلار.

خەلپەم كۆلمەيدۇ،
كۆلسە تېلىقىپ كېتىدۇ.

خوتەنلىكنىڭ پۇشايمىنى كېيىن كېلەر.

خورەك تارتساڭ يالغۇز يات.

خورىكى يوغاننىڭ تۇمىقى ئېلمەك قوزۇقتا.

خۇشامەتچى تەمەخور كېلەر،
يالغانچى باھانە خور (كېلەر).

خۇشامەتچىنىڭ ئالىقىنى تەرلەيدۇ.

داراڭ - دۇرۇڭ ئات كۆتۈرەر،
جىمىخور پۇت كۆتۈرەر،
شىر - شىر ئادەم ئۆلتۈرەر.

دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق.

دىلى توغرىنىڭ تىلى توغرى،
دىلى ئەگرىنىڭ تىلى ئەگرى.

دىلى پاكنىڭ تىلى پاك.

دىنى قېيىقنى ئىت تونۇيدۇ.

رەمچى سالىدۇ رەمنى
ئىچىڭگە سالىدۇ غەمنى.

ساختىپەز سەيلىگە چىقسا
بوستاندا بۇلبۇل سايرىماس.

سادا سىر ساقلىيالماس،
نامرات پۇل ساقلىيالماس.

سادىن ئادەمنىڭ سىرى تىلدا،
پۇختا ئادەمنىڭ سىرى دىلىدا.

ساراڭ ئالدىرىسا كۈلەر.

ساراڭغا شۇتا بەرسەڭ ئاسمانغا چىقىمەن دەيدۇ.

ساراڭنىڭ ئولڭ - تەتۈرى يوق.

ساراڭ يۈگۈرگەن يەرگە ساقمۇ يۈگۈرۈپتۇ.

ساق ئادەمنى ساراڭ دەۋەرسە
بىر چىشلەمدىن گۆشى ساراڭ بولار.

سالاغا پاتمىغان گۆرگە پاتماپدۇ.

سەن ئېلىپتەك توغرى بولساڭ
ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا.
لام ئېلىپتەك ئەگرى بولساڭ
ھەر بالا باردۇر ساڭا.

شەيتاندىن ئادەم شەيتىنى يامان.

شوخ بولساڭ مازاغا چىق،
بىكار بولساڭ بازارغا (چىق).

غەيۋەتچى غەيۋەت قىلمىسا كۆڭلى تىنماس.

قاپاقتا نېمە بولسا تېشىغا شۇ تېپەر.

قاراقچىنى ماراقچى بابلاپتۇ،
ماراقچىنى يالاقچى بابلاپتۇ.

قارا كۆڭۈل ئادەمنىڭ دۈمبىسىدە تۆشۈك
ئاچساڭمۇ ئىچىگە يورۇق چۈشمەس.

قارا كىگىزنى يۇغان بىلەن ئاقارماس.

قارىغۇ ئاڭلىغاننى قويماس،
ساغرۇ كۆرگەننى قويماس.

قارىغۇ ساقىقا يول كۆرستىپتۇ.

قارىغۇغا ئەينەك بەرسەڭ رەھمىتى يوق.

قارىغۇ يول باشلىيالماس.

قارىغۇنىڭ قولىقى كۆزۈن.

قارىغا قارا يۇقماس.

قارىقاشىنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى.

قاغىنىڭ قېرىسىنى بىلگىلى بولماس،
ئادەمنىڭ ئالىسىنى (بىلگىلى بولماس).

قاغىنىڭ ئېقى يوق.
سەيپۇڭنىڭ سېقى يوق.

قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس،
بوغۇز يېسە توۋرىنى تېشەر.

قان بىلەن كىرگەن خۇي،
جان بىلەن چىقار.

قاۋان قارلىقتا ئۆلىدۇ،
يامان خارلىقتا (ئۆلىدۇ).

قەسەمخورنىڭ يۈزىدە قان يوق.

قوپال ئادەمدىن كۆتەك ئايلانسۇن.

قورسىقى كەڭ ئادەم تاتلىق ئۇخلايدۇ.

قوي ئوغرىسىنىڭ كۆپى قاسساپ.

قوروق سۆلەتتىن
قوروق سېۋەت ياخشى.

قوشنىڭ يامىنى تورغا كىرەر،
يۇرتقا پاتمىغان گۆرگە كىرەر.

قولىقى بار گاس،
تىلى بار گاچا.

قوۋنىڭ سۆزى قۇيرۇقلۇق.

قېرىغا نان پايدا قىلماس،
ئوغرىغا ئانت (پايدا قىلماس).

قېرى يىقىلسا يۆتەل چىقىدۇ،
كاج يىقىلسا جېدەل چىقىدۇ.

قىرىق كىشىدىن قىيىق كىشى يامان.

قىلتىرىقسىز بېلىق بولماس،
كەمچىلىكسىز ئادەم (بولماس).

كۆرمىگەننىڭ غوچىسى تولا،
مەينەت خوتۇننىڭ بوغچىسى (تولا).

كۆز بويامچى تۈلكە بولۇر،
ئەل ئىچىدە كۈلكە بولۇر.

كۆز كۆڭۈلنىڭ كۆزنىكى.

كۆڭۈلسىزدىن كۈلكە چىقماس.

كۆڭۈل كەڭ قەسىر.

كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ئىچىدە.

كېچىسى جۆيلۈگەك،
كۈندۈزى سۆزلۈگەك.

كىچىك باشقا مانا دوپپا،
يوغان باشقا قېنى دوپپا.

كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچقان خۇدانىڭ دۈشمىنى.

كىشىنىڭ ئىسلى ئۆلگەندە بىلىنەر،

ئاتنىڭ خۇيى مىنگەندە (بىلىنەر).

گاچىنىڭ گېپى تۈگمەس.

گەپنى قىلماڭ ھايتاقتا
نالا قاقار پايپاقتا.

گۆشنىڭ كاۋىپى تاتلىق،
خوتۇننىڭ جالىپى (تاتلىق).

گۆشنى يېگەنمۇ ئوغرى،
شورپىسىني ئىچكەنمۇ ئوغرى.

گۇمبەزگە ياڭاق ئاتساڭ يومىلاپ چۈشەر.

ماختانچاقنىڭ مېزى چۈۋۈق.

ماڭالماس ئىتىمدىن كۆرىدۇ،
يازالماس خېتىمدىن (كۆرىدۇ).

مانتىنىڭ قىيمىسى ئىچىدە.

مەست بىلەن ماڭساڭ ماڭ،
نەس بىلەن ماڭما.

مەستىن ساراڭمۇ قورقىدۇ.

مەست يىگىتكە قېرى خوتۇن قىز
كۆرۈنۈپتۇ.

مەستىنىڭ داۋاسى ئۇيقۇ.

مەن قورقمەن دۆڭدىن،
گەپ قىلمىغان مۆڭدىن.

مۇشتى قاتتىقىدىن قاچما،
باغرى قاتتىقىدىن قاچ.

ناجىنسىنىڭ دوستى يوق.

نەپسى يامانىنىڭ كۆزى يوق،
قارانىيەتنىڭ يۈزى يوق.

نەشكەشنىڭ كاللىسى سوقا،
ئەپيۇنكەشنىڭ ماڭلىيى دوقا.

نىيىتى يامانىنىڭ چۈشى بۇزۇق،
كۆڭلى قارىنىڭ ئىشى بوزۇق.

هاراقكەش ئۇلپەت،
كەلتۈرەر كۇلپەت.

ھاڭگا ئېشەكىنىڭ بۇنى قېرىماس،
خوتۇنبازنىڭ كۆزى (قېرىماس).

ھاياسىزغا كۈندە تاماشا.

ھەر ئادەمدە بىر مىجەز.

ھەركىم ئۆز ئەيىبىنى بىلمەس.

ھەسەتخۇردىن بەختىڭنى يوشۇر،
سۇ خەنچىدىن دەرىخىڭنى (يوشۇر).

ھەسەتخۇرنىڭ ئاغزىدا ئىت كۈچۈكلەپتۇ.

ھەسەتخۇرنىڭ دىلى قارا،
قەسەمخۇرنىڭ يۈزى (قارا).

ھەسەتخۇرنىڭ قايغۇسى كۆپ.

ھەييارنىڭ كۈچى ئاز، ھىيلىسى كۆپ.

ھىيلە قىلغان تۇتۇلار،
توۋا قىلغان قۇتۇلار.

ھىيلىگەرنىڭ كۆزى قىسىق.

ئوتنىڭ ئەسكىسى بۇدۇشقاق،

ئادەمنىڭ ئەسكىسى ئۇرۇشقاق.

ئوسما قويغان قېشى يوقنىڭ ئىشى،
چىلاپ يېگەن چىشى يوقنىڭ ئىشى.

ئوغرى بىلەن يولداش بولما،
خوتۇن بىلەن سىرداش بولما.

ئوغرى تۇمان ئىزلەيدۇ.
ئىچى تار گۇمان (ئىزلەيدۇ).

ئوغرى تۈن يېرىمدە،
پىتنىخور كۈپكۈندۈزدە.

ئوغرى قورقسا ناخشا ئېيتار.

ئوغرى كىرەر جايىنى ئەمەس،
قاچار جايىنى كۆزلەيدۇ.

ئوغرى گۇمانخور،
زالىم توقماقچى.

ئوغرىلىق قىلغان، يەرگە قارايدۇ.

ئوغرىلىق قىلساڭ يالغۇز قىل،
ئىككى بولساڭ بىرى ئايغاق.

ئوغرىنىڭ بالىسى كاسىپ،
موللىنىڭ بالىسى ئوغرى.

ئوغرىنىڭ بىر يۈزى قارا،
مال ئىگىسىنىڭ ئىككى يۈزى (قارا).

ئوغرىنىڭ ئېتى يوق.

ئوغرى ئوغرىلىغىلى نەرسە تاپالمىسا
ئۆز تۇمىقىنى ئوغرىلايدۇ.

ئوغرى «ئوغرىنى تۇت!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئوغرىنىڭ كۆزىگە
كۈندۈزمۇ كېچە.

ئوغرى «مەن توغرا» دەپتۇ.

ئويۇنچىنىڭ قورسىقى توق.

ئۇپا چىرايىنىڭ تاپقىنى توپا چىراي.

ئۇرۇقنىڭ ئوسلى تېرىق،
ئادەمنىڭ ئوسلى سېرىق.

ئۇمۇ مەست، بۇمۇ مەست،
مەستىنىڭ «خەير - خوش» ى تۈگىمەس.

ئۇيالمىغان باخشى بولۇر،
باغرى تاش ئادەم ساقچى بولۇر.

ئۆچكىنىڭ مويى تۈگىمەس،
بەڭگىنىڭ ئويى تۈگىمەس.

ئۆزىنىڭ ئەيىبى ئۆزىگە كۆرۈنمەس،
كۆزىنىڭ ئەيىبى كۆزىگە (كۆرۈنمەس).

ئۆزى يۈزسىزنىڭ سۆزى تۈزسىز.

ئۆلەرمەننىڭ كۆزىدىن قورق.

ئۆيدە ئۇسۇرۇپ ئۆگەنگەن تويدىمۇ ئۇسۇرار.

ئېتى يوق چېپىشقاق،
ئىشتىنى يوق چېلىشقاق.

ئېشەككە مۈڭگۈز چىقسا ئۆسسۈپ ئۆلتۈرەر.

ئېشەكنىڭ ئەسكىسى سىيگەك،
هاياسىز خوتۇن كۈلگەك.

ئىچى تارغا دۇنيامۇ تار.

ئچی تارنىڭ ئچىدە توڭگۇز قاتىرار.

ئچی تارنىڭ ئچىگە تېرىق پاتماس.

ئىزا ئىشتىكىنىم - غىزا يېگىنىم،
دەشنام يىگىنىم - بەش نان يېگىنىم.

ئىزىڭدىن تىكەن ئۈنسە
ئەۋلادىڭنىڭ پۇتى يارا.

ئىككى پۇت تەڭ ماڭالماس.

ئىككى تەنتەك ئەلگە سىغماس،
ئىككى تۆرە تۆرگە (سىغماس).

ئىككى چېقىمچى بىر بولسا
ئاقىل ئەرنى داردا كۆر.

ئىككى ئۇيغۇر بىر بولسا
چاقچىقى تۆش خالتىدا.

ئىككى ياخشى قوشۇلسا
بىر - بىرىگە دوست بۇلار،
ئىككى يامان قوشۇلسا
بىر - بىرىگە ئۆچ بۇلار.

ياخشى ئادەم بىر ئۆلىدۇ، تىرىلمەيدۇ،
يامان ئادەم مىڭ ئۆلىدۇ، بىلىنمەيدۇ.

ياخشى ئادەمنى كۆرمەك پەرز.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ
ياخشى يولغا باشلايدۇ.

ياخشى بىلەن يۈرسەڭ كۈندە بازار،
يامان بىلەن يۈرسەڭ كۆڭۈل ئازار.

ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ،

يامان كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ).

ياخشىدىن ئۈلگە قالار،
ياماندىن كۈلكە (قالار).

ياخشىغا ياخشىلىق قىلساڭ ئېسىدىن كەتمەس،
يامانغا ياخشىلىق قىلساڭ يېنىڭدىن كەتمەس.
ياخشىغا ئىشارەت،
يامانغا جۇۋالدۇرۇز.

ياخشىغا نەزەر،
يامانغا ھەزەر.

ياخشىنى كۆرۈپ پىكىر قىل،
ياماننى كۆرۈپ شۈكۈر قىل.

ياخشىنىڭ ياخشىسى يوق.

ياخشىنىڭ سۆزى كېپىل،
ياماننىڭ ئۆزى كېپىل.

ياخشىنىڭ سۆزى قايماق،
ياماننىڭ سۆزى توقماق.

ياخشىلىق قىل، ماختانما.

ياخشىلىق - مېھرىگىياھ،
يامانلىق - شۈمبۈيا.

ياخشى كىشىنىڭ ئاچچىغى تاۋار ياغلىق قۇرۇغىچە.

ياخشى ھەممە ياخشى كۆرەر.

ياسانچۇق ياسانغۇچە توي تارايتۇ.

ياش بۇزۇلسا قېرىنغاندا تۈزىلەر،
قېرى بۇزۇلسا قاچان (تۈزىلەر).

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەمتىلى سايىت

# ھايات يېغى[①]

## ل . بات

(ئەلىشىر نەۋائىي توغرىسىدا پوۋېست)

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: جېلىل مۇھەممەت**

## ئۆيگە

ئۇزاق كۈرەشلەردىن كېيىن خۇراسانغا شاھرۇخنىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئەبۇلقاسىم بابۇر ھاكىم بولدى. جەمئىيەتتە تولۇق تەرتىپ ئورنىتىلدى ۋە ئۇنىڭ قوغلاندىلىقتا يۈرگەن تەرەپدارلىرىنىڭ ئەمدى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، ئۆز يۇرت - ماكانلىرىنى سېغىنغان بۇ ئادەملەر تېزلىك بىلەن يولغا چىقىشقا باشلىدى.

كارۋاننىڭ يولغا چىقىشىغا ئىككى كېچە - كۈندۈز بولاي دەپ قالغانىدى. كارۋان ئىراقتىن خۇراسانغا بۇرۇنقى يول بىلەن ماڭدى. ئەمما، يولۇچىلارنىڭ روھى باشقىچە كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ كەلمەكتەئىدى. بۇ دەل ئاۋغۇست ئېيى بولۇپ كۈندۈزى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق، كېچىسى بولسا سالقىن ئىدى. كېچىلىرى سۆكسۆك ۋە يۇلغۇنلارغا ئوت يېقىشاتتى. كېچىلىرى ئوتنىڭ ئالدىدا ئىسسىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان يولۇچىلار كۈندۈزى قارا تەرگە پېتىپ، چاتقاللارنى ھەم دەرەخلەرنى كېسىپ ئوتۇن تەييارلىشاتتى. كېچىلىرى بولغان سوغۇقتا يوتقان كۆرپە ۋە پاختىلىق چاپانلار ھېچقانچە ئىسسىق بېرەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇقمۇ كېچە - كۈندۈز قىينايتتى. يوللاردا قۇدۇقلار كەمدىن - كەم ئۇچراپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا سۇغا ئادەملەر ئالدىرىشاتتى، تۆگە ۋە ئاتلار جانلىنىپ كېتەتتى. باللار تاقەتسىزلىنىپ ۋارقىرىشاتتى. چوڭ چاناچلارغا سۇ لىق تولدۇرۇلاتتى. ئاتلار بۇ زەمزەمدەك سۇلارنى تۆكۈپ، چاچرىتىپ ئىچىشەتتى. گۈلخانلار بىلەن قۇدۇقلار كارۋانلارنىڭ يولىنى ئىپادىلەيتتى. يوللاردا گۈلخانلارنىڭ كۈللىرى قالاتتى، بۇنىڭغا قاراپ يولۇچىلار ئۆزلىرىدىن ئالدىن كەتكەنلەرنى بىلىشەتتى. بۇ بەلگىلەر سوۋۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئالدىنقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش جاپالىق يول ئازابىنى تارتقۇچىلارغا بولغان سالىمىنى ئىزھار قىلاتتى.

كارۋان كېچىسى ئارام ئېلىشقا توختاشتى. ئەمما، تاڭ سەھەردە ھەممە ئورنىدىن تۇرۇشتى، غىياسىدىن كېچىنىڭ سالقىنى تۈگىمەستىن، يولغا ئەتىگەنرەك چىقىشقا بۇيرۇق بەردى. ئىراقتا ئەلىشىر ئات مىنىشنى ياخشى ئۆگىنىۋالغانىدى. دادىسى ئۇنىڭغا ئانچە ئېگىز بولمىغان كۈچلۈك ۋە يورغا ئاتنى سوۋغا قىلغانىدى. ئەلىشىر بۇ ئاساۋ ئاتنى كۆندۈرۈش ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۆگىتىش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە مىنىپ كۆندۈرۈپ يۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىر ئاتنى كۆندۈرۈۋالدى. ئەلىشىر پات - پات ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپ

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا

سەيلە قىلىشقا چىقىپ تۇراتتى. بەزىدە ئەلىشىرگە ئۇنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان قېرى خىزمەتكار ھاشىم ھەمراھ بولۇپ چىقاتتى. لېكىن، كۆپىنچە ھاللاردا ئەلىشىر ئۆزى يالغۇز سەيلىگە چىقاتتى. ھاشىمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى سەت، لېكىن ناھايىتى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. كۆزى ئالغاي، ئۆزى قوپالراق كەلگەن بۇ دورداي كالپۇك ئادەم غەزەپلەنگەندە ناھايىتى قورقۇنچلۇق، مېھىر - مۇھەببەت مەسىلىسىدە ناھايىتى مۇلايىم ئىدى.

بىر چاغلاردا غىياسىدىن ئۇنى قازىنىڭ ناھەق ئەيىبلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاشىم ئۇنىڭ ئەبەدىي سادىق خىزمەتكارى بولۇپ قالغان. بۇ قېتىمقى ئۆيگە قايتىش ئىشىدا ئۇنىڭغا پۈتۈن كارۋاننى ساقلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. چوڭ كارۋان يوللىرىدا قاراقچىلار پات - پات ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. ئالغاي ھاشىمنىڭ كۆزلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇنىڭ قۇلىقى قۇم بارخانلىرىدىكى قۇملارنىڭ شىـــرىلدىغان ئاۋازلىرىنىمۇ پەرق قىلالايتتى. بىر كۈنى ئەلىشىر ئۇنىڭدىن ئوت - چۆپلەرنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقىنى ئاڭلامسىز؟ - دەپ سورىغانىدى. قول - بىلەكلىرى كۈچلۈك ھاشىم قىلىچۋازلىقتىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇ كۆپىنچە يوللارنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاقلارغا ئىلگىرىلەپ كېتەتتى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ قۇدۇقلارنى تاپاتتى، قونۇش ئۈچۈن قولايلىقراق جايلارنى تاللايتتى، سۆكسۆكلەرنى ئىزدەپ تاپاتتى.

ئەلىشىر ئەمدى بۇ قېرى خىزمەتكارنى كەم كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، ھاشىم ئەتىگەنلىكلىرى بالىنى بۇرۇنقىدەكلا ئۆزى ئويغىتاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ يوشۇرۇپ قويغان سۈدىن ئىچكۈزۈپ، ئاندىن يورغا ئېتىنى يېتىلەپ ئالدىغا ئەكىلىپ بېرەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەنلىكمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. كېچىسى ئەلىشىر ياخشى ئۇخلىيالمىدى، ئۇ كېچىچە توڭۇپ چىقتى، گۈلخانىنىڭ ئوتى پەقەت ئۇنىڭ بىر تەرىپىنىلا ئىسسىتقانىدى. ئەتراپنى بولسا سوغۇق قۇم قاپسىۋالغانىدى. بۇ قۇملارنىڭ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن قىزىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەلىشىر چېدىردا ئانىسىنىڭ قېشىدا يېتىشقا ئۇنىمايتتى. ئانىسى ئەلىشىرنىڭ دادىسىغا شىكايەت قىلىۋىدى، دادىسى: «بالا چېنىقسۇن، ئۇ توققۇز ياشقا يېقىنلاپ قالدى، مېنىڭ ئوغلۇم لاتا ئەمەس، ئەركەك بولۇشى كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى.

ھاشىم يورغىنى ئېلىپ كەلدى. ئەلىشىر سوغۇقتىن ھەم ئۇيقۇسىزلىقتىن شۈمشەرەپ تۇرۇپ ئېگەرگە ئېسىلىپ ئاتقا مىندى، شۇنىڭدىن كېيىن كارۋان ئاستا - ئاستا يولغا چىقتى.

تاڭ شەپىقى ھەممە تەرەپنى سارغۇچ رەڭگە كىرگۈزدى، ھەتتا ئاسمانمۇ سارغۇچ رەڭگە كىرگەنىدى. بۇ رەڭلەر ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ ئاسمان كۆك تۈسكە كىرىشكە باشلاۋاتاتتى. ئەمما، قۇم چاڭلىرى دەستىدىن ئۇنىڭغا قاراش قىيىن ئىدى.

كارۋانلار قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يورغا ئاتقا مىنگەن ئەلىشىر يوغان بىر تۆگىگە يېتىشىۋالدى. تۆگە ئۈستىگە تاي - تاي يۈكلەر ئارتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئەلىشىرنىڭ ئاپىسى ئولتۇرغانىدى. بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سالام، — دەپ ۋارقىرىدى. ئاپىسى يۈزىنىڭ تۆۋەن قىسمىنى توسۇپ تۇرغان چۈمبەلنى سەل ئېچىۋىدى، ئەلىشىر ئاپىسىنىڭ قانداق ئازابلانغانلىقىنى كۆردى.

- ئەلىشىر، جېنىم ئوغلۇم، سەن تاماق يېدىڭمۇ؟

ھەئە، ئاپا، ھاشىم قورسىقىمنى تويدۇرۇپ قويدى، ھەم ماڭا سۈتمۇ بەردى. ئۆزۈمنى ناھايىتى ياخشى سېزىۋاتىمەن، ئېتىممۇ خۇددى شۇنداق. قاراڭ بۇ قانداق ياخشى مېڭىۋاتىدۇ.

ئەلىشىر ھەقىقىي ئەھۋالىنى يوشۇرغانىدى. تونۇگۈندىن بۇيان بىرەر ياخشىراق قۇدۇق ئۇچرىمىغانىدى. يولۇچىلارغا ئۇچرىغان بىردىنبىر قۇدۇقنىڭ سۈيى تۇزلۇق بولۇپ، چىققاچقا، ئۇنىڭدىن پەقەت تۆگىلەرلا سۇ ئىچكەنىدى. ئادەملەر بىلەن ئاتلار ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىشقا باشلىغانىدى. يولغا ئېلىۋېلىنغان بىر ئاز سۇ ھەممە كىشىگە ئېھتىياجلىق تەقسىم قىلىنغانىدى. ئەمما، ئەلىشىر دادىسىنى دوراپ:

— ئۇنى ئاياللار بىلەن باللارغا بېرىڭلار، - دەپ ئۆز ئۈلۈشىدىن ۋاز كەچكەنىدى. ھاشىم ئۇنى بىر يۇتۇم سۇ ئىچىشكە ئاران ماقۇل قىلدى. بۇ نەرسە ئۇنى تېخىمۇ ئۇسسىتىۋەتتى.

كارۋان ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ھاشىم ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئەلىشىر ئەڭ ئارقىدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۆگىلەر ئىرغاڭلىشىپ قەدەم تاشلايتتى، بۇ نەرسە ئەلىشىرگە چەكسىز سوزۇلۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. كۈن بارغانسىرى ئىسسىماقتا ئىدى. قۇم كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. ئەلىشىر كۆزلىرىنى بىردەم يۇمۇپ، بىردەم ئاچاتتى. ئەمما، ئۇ ئۇيقۇسىزلىقنى زادىلا يوقىتالمىدى. ئۇ يۈگەننىڭ تىزگىنىنى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىپ، ئاتنى ئۆز هالىغا قويۇپ بەردى.

«ئالغا، ئارقىغا، ئالغا، ئارقىغا، ئالغا، ئارقىغا...» دەپ بىر خىل رىتىمدا تەكرارلايتتى ئەلىشىر ئۆزىچە، ئالدىدا كېتىپ بارغان تۆگىلەرگە ئارتىلغان تاي - تاي يۈكلەرگە، ئاتلىق ئادەملەرگە قاراپ، ئۇنىڭ تامىغى قۇرۇپ كەتكەنىدى. بىردىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇلارنىڭ ھېراتتىكى بېغىدىكىگە ئوخشاش مۇزدەك، سۈپسۈزۈك كۆل سۈيى كۆرۈنگەندەك بولدى. مانا شۇ سۇدىن قېنىپ ئىچسەڭ!... ئۇيقۇسىراپ كەتكەن ئەلىشىر ئاتنىڭ بويىنىغا يېتىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يايلىدىن تۇتۇۋالدى. ئات ئۆزىنى ناقۇلاي سېزىپ، بىر سىلكىندى - دە، چاپسان مېڭىپ كەتتى. ئەلىشىر ئېگەردىن سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئەمما، بۇنى ئۆزى سەزمەيتتى. ئۇ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

* * *

ھاشىم سۇ ئىزدەپ ناھايىتى ئالدىغا ئۆزاپ كەتتى. بارخانلارنىڭ چوققىلىرى شامالدا كۆتۈرۈلگەن قۇم ئۇچقۇنلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. ھاشىم: «بوران چىقامدىكىنە؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋېدى، شۇئاندا ئىسسىق شىۋىرغان چىقىپ، بىرئاز ۋاقىتقىچە ھاۋا قۇم بىلەن قاپلىنىپ، كۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى. كۈن قاراڭغۇلاشتى ۋە ناھايىتى يوغان، يورۇق قۇياش خۇددى مىستىن ياسالغان كىچىك بىر ئايدەك بولۇپ قالدى. ھاشىم ئۆز ھاياتىدا بۇنداق بورانلارنى كۆپ قېتىم كۆرگەنىدى ۋە بۇ بوراننىڭ ئۇزاق داۋاملاشمايدىغانلىقىنى دەررۇلا بىلدى. بۇنداق چاغلاردا باشنى ئورىۋېلىپ، جىم تۇرۇش كېرەك ئىدى. بىراق، ئاتنى تىنچلاندۇرۇش ناھايىتى تەس بولدى. ھاشىم ئۇنىڭ كۆزىنى چەكمىنىنىڭ پېشى بىلەن توستى، شۇنداق بولسىمۇ ئات تىترەشتىن توختىمىدى.

بوران چەتلەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ قەيەردىدۇر ئۇزاق بىر يەرلەردە شىددەت بىلەن چىقىۋاتاتتى.

ھاشىم ئۆز كارۋىنىدىن خېلى ئۇزاقلاپ كەتتى. ئەمما، بوران توختاپ، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ بىر قۇدۇققا ئۇچرىدى. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئېتىنى سۇغاردى، كېيىن

ئۆزى سۇ ئىچتى. بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى تاتلىق ھەم سۈزۈك ئىدى، بۇنداق سۇ كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى. ئۇنى[1]سامۇم[1]لايلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ھاشىم يوغان ئىككى چاناچنى سۇغا لىق تولدۇرۇپ ئېلىپ، بۇ ئورۇننى ئوبدان ئەستە تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئەتراپىغا دىققەت بىلەن قارىدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۆز ئادەملىرىنىڭ يېنىغا كەتتى.

ئۇسسۇزلۇقى قانغان ئات تېز يورغىلاپ ماڭدى. ھاشىم بىر ئازدىن كېيىن چۆلدە قاتار تىزىلىپ كېتىۋاتقان كارۋاننى كۆردى. كۆرگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دەھشەتلىك ھاياجانلانغان ھالدا كۆردى. بۇنىڭدىن بىر سائەت ئارتۇقراق ۋاقىت ئىلگىرى ئەلشىرنىڭ يورغىسى ئۆز ئۈستىدىكى كىشىسىز قايتىپ كەلگەنىدى. بۇلار ئاتنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما بالىنى شۇچاققىچە تاپالمىغانىدى. ھاشىمنىڭ لەۋلىرى تاتىرىپ كەتتى.

— مېنىڭ بىر كۆزۈم بار، ئەمما ئۇ ناھايىتى ئۆتكۈر. جاناب، يەنە بىر ئادەم قوشۇپ بەرسىڭىز، ئەزبىرايى خۇدا ئەلشىر كۈن پاتقىچە تېپىلىدۇ.

* * *

تىڭ ـ تىڭ ـ تىڭ ـ تىڭ ـ تىڭ ـ تىڭ ـ تىڭ ـ تىڭ. . . قىلىپ، خۇددى كۈمۈتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ چىققان ئاۋاز قۇلاقتىن زادى كەتمەيدۇ. كېيىن ئۆتكۈر، ئادەمنى زېرىكتۈرگۈچى جاراڭلىغان ئاۋاز توختىدى ۋە قەيەردىدۇر يىراقتىن نەغمە ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئەلشىر ئاغزىدا شەربەتنىڭ ئېرىپ كەتكۈچى تەمىنى سەزگەندەك بولدى. بەدىنى سوغۇق سۇغا چۆكىدۇ، ئەمما شۇئانلا سۇ قايناپ، ئىسسىدۇ ۋە قولىنى كۆيدۈرگەندەك بولىدۇ.

ئەلشىر كۆزىنى ئاچتى. قارىسا ئىسسىق قۇم چۆلدە ئۆزىلا قاپتۇ. قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچى نۇرلىرىدىن پاناھلىنىدىغان يەر يوق. كارۋان كۆرۈنمەيتتى، ئاتمۇ كېتىپ قالغانىدى. قورقۇش ھاياجانلىنىش بىلەن بىرۋاقىتتا ئۇ يەنە ئۇسساشقا باشلىدى. ئەلشىر بىردىنلا ئۆزىدىن ـ ئۆزى ئۈيۈلۈپ، خاۋاتىرلىنىپ قالدى ۋە دەرھال ھاشىم توغرىسىدائويلىدى، ـ مانا كىم ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولاتتى؛ كېيىن ئانىسىنى ئەسلىدى.

«ۋاھ خۇدا مەن ئاپامنى ھېچقاچان تاشلىمايمەن، ـ دەپ كىمگىدۇ يالۋۇردى ئۇ، ـ مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپارغىن!» ئۇ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قوللىرى بىلەن مۇرىسىنى تۇتۇپ، سەل ئىرغاڭلىغان ھالدا، ئۆزى توغرىسىدا ئويلىماسلىققا قارار قىلدى. ھەرقاچانقىدەك ئېغىر مىنۇتلاردا ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك كىتابى ـ «قۇشلار سۆھبىتى» ياردەم قىلدى. ئۇ بۇ كىتابتىكى قۇشلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدىكى ھازىر ئۆزى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ۋەقەگە ئوخشاش بىر ۋەقەنى يادىغا كەلتۈردى. قۇشلار ناھايىتى چوڭ، سۇسىز چۆلدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشلىرى كېرەك ئىدى. ئۇلارنى ئېغىر سەپەر چۆچۈتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چىداملىق ۋە ئەقىللىق بولغان ھۆپۈپ:

— چۆل ـ بۇ ناھايىتى گۈزەل سارايغا كىرىشنىڭ باشلىنىشى، ـ دېدى ۋە قۇشلارغا كېچىسى چۆلدە ئېزىپ قالغان، شۇنداق بولسىمۇ روھى چۈشمىگەن، قەھرىمان ساياھەتچى بايازىت بىستام توغرىسىدىكى ئىبرەتلىك ۋەقە ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. «ئۇ كېچىسى بولغان ۋەقە، ھازىر بولسا كۈندۈز» دەپ ئويلىدى ئەلشىر.

---

[1] سامۇم ـ ئىسسىق، قۇرۇق شامال، قۇم ئۇيۇملىرى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە قىزىرىپ كەتكەن قۇمغا دەسسەپ ئالغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كارۋاننىڭ ئىزى بىلەن كېتىۋاتىمەن، ـ دەپ ئويلايتتى. ھەممىدىن دەھشەتلىكى ئۇسسۇزلۇق ئىدى. ئەلىشىر تۈكۈرۈكنى يۇتتى. ئەمما، ئۇ يېپيېشقاق بولۇپ، قۇم يۇقۇپ قالغان لەۋلىرى يېرىلىپ كەتكەنىدى. بۇرۇنلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىمۇ قۇم بىلەن تولغانىدى. كۈننىڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇچى نۇرىدا كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلۇپ كېتەمكىتە ئىدى. ئەتراپنىڭ ھەممىسى ئادەم كېسەل ۋاقتىدا چۈشىدە كۆرىدىغان مەنزىرىگە ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇ كۆزىنى سەل — پەل ئېچىپ، بىردىنلا يېقىن يەردە ـ ئوڭ تەرەپتە پالما دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان ھالدا كۆكىرىپ تۇرغان بىر ۋادىنى كۆرۈپ قالدى. ئەلىشىر شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، چاپسان مېڭىپ كەتتى. ئۇ ھارغىنلىقتىن ئاران ـ ئاران ماڭاتتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن سەل ـ پەل ئولتۇراتتى ـ دە، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالغا قاراپ ماڭاتتى. ۋادا بىرقەدەممۇ يېقىنلاشمىدى. كۆزگە ياپيېشىل پالمىلار ۋە پارقىرىغان سۇ كۆرۈنەتتى. ئەلىشىر چىدامسىزلىقتىن نالە قىلدى ۋە يىغلىۋېتىپ كەتتى. ئىسسىق ھاۋا ئۇنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ماغدۇرسىزلانغان ئاياغلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەي، قۇمغا يىقىلىپ چۈشتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزىنى ئېچىپ قاراپ، ئالدىدا ھېچنېمە يوقلۇقىنى كۆردى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي ئەتراپىغا قارىدى، قولى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى، ئەمما سەراپ ئىزسىز غايىب بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھالسىزلانغان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ئەلىشىر قاتتىق نالە قىلدى.

— ئۇسساپ كەتتىم، ئۇسسۇزلۇقتىن ـ ئۆلىمەن! كېيىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، بىرمىنۇتچە كۆزىنى يۇمغان ھالدا تۇردى؛ كېيىن يەنە كۆزىنى ئېچىپ ئالدىغا قارىغانىدى چوڭ بىر قارا نەرسىنى كۆردى. «ئېھتىمال ئېتىم چۆلدە يىقىلىپ قالغاندۇ؟ ـ دەپ ئويلىدى بالا، ـ ياق، بۇ ھاڭ تاشقا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە قانداق قىلىپ ھاڭ تاش بولسۇن؟ ياكى بولمىسا ئۇ دەرەختۇر؟» .

ئەلىشىر بۇنىڭغا شۇنچىلىك قىزىقتىكى، ھەتتائۇسساپ كەتكەنلىكىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويدى، ئۇ ھېلىقى ۋادىدەك بۇمۇ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتمىسۇن دەپ قورققان ھالدا، قارا نەرسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ نەرسە جايىدا قىمىرقىلماي تۇراتتى. ئەمما، شۇنىسى قىزىقكى، ئەلىشىر يېقىنلاشقانسېرى ئۇ نەرسە خۇددى كىچىكلىشىۋاتقاندەك[1] كۆرۈنەتتى.

بالا چۈشىنىكسىز نەرسىگە تېزلىك بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، تاشتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ سۇ قۇيۇلغان چاناچ ئىدى. ئۇلارنىڭ كارۋىنىمۇ مۇشۇنداق چاناچلار بىلەن تەمىنلەنگەنىدى. ئەلىشىر ئېغىر چاناچنى قولىغا ئالدى.

— بۇ بىزنىڭ قاپ، كارۋان مانا مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپتۇ! مەن توغرا يول بىلەن كېتىۋېتىپتىمەن!

ئەلىشىر ئاران دېگەندە قاتتىق قېيىشلارنى يېشىپ، قاپنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، ئەڭ ئالدى بىلەن قولىنى سۇغا تىقتى. ئۇ نەملەنگەن بارماقلىرىنى يالاپ، ئاندىن يۈزىنى سىلىدى، كېيىن بېشىدىن دوپپىسىنى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭغا يىلىپ قالغان سۇدىن تولدۇرۇپ ئېلىپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچتى. بۇ سۇ ئۇنىڭغا جەننەتتىكى ئىچىملىكتەك بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ دوپپىسىنى يەنە بىر قېتىم تولدۇردى، بىراق ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ ئىچمىدى. ئۇ بىر قېتىم سۇغا قېنىۋالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىشىر: «سۇ ماڭا يەنە كېرەك بولۇپ

---

① چۆلدە بولىدىغان قىزىق ھادىسە: نەرسىلەرگە يېقىنلاشقانسېرى، ئۇلار ھەجمى جەھەتتىن كىچىكتەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

قالىدۇ. دادام ھەرقاچان ئاچ كۆزلۈك ياخشىلىققا ئېلىپ بارمايدۇ، دەيتتى» دەپ ئويلىدى.
سۇ ئىچكەندىن كېيىن ئەلشىر ئۆزىگە دەرمان كىرگەنلىكىنى سەزدى ۋە كارۋاننىڭ ئارقىسىدىن يەنە يۈگۈرمەكچى بولدى. ئەمما، چاناچنى تاشلاپ كېتىشكە ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئەلشىر ئۇنى كۆتۈرۈپ باقماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ ئويلاپ بۇنداق ئېغىر يۈك بىلەن ئۈچ قەدەممۇ ماڭالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە يولنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. بالا ئۆپ -چۆرىسىگە قارىغان ھالدا، قورقىنىدىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.
قۇياش تېخى خېلى ئېگىزدە بولسىمۇ، ئۇنىڭ نۇرى ئانچە قىزدۇرالمايتتى. يىراقتىن ئىككى ئاتلىق كۆرۈندى. قۇملارنى تۇزۇتۇپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئەلشىرنىڭ قېشىغا كېلىشكە ئىككى يۈز قەدەمچە قالغانداتوختاپ، ئۆپ - چۆرىسىگە قاراشقا باشلاشتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ھاشىم ئىدى. قاپنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بالىنى ئۇ ئاۋۋال كۆرۈپ قالدى.
— خۇدايا - خۇداۋەندە پەرۋەردىگارىم، ئۆزۈڭ ساقلاپسەن! - دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ۋە ئېتىنىقامچىلاپ ئوقتەك ئۇچۇپ كەلدى.
— ھاشىم! ھاشىم!
ئەلشىر ئاتلىقلارغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ھاشىمنىڭ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۆزىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. سادىق خىزمەتكارىغا يېپىشىپ ئۈنچىقمىدى، پەقەت ھاشىم ئاتقا مىندۈرگەندىن كېيىنلا، ئۇ چۆچۈپ كەتكەندەك بولۇپ:
— ئېتىم قېنى؟ - دەپ سورىدى.
— ئېتىڭ ساق - سالامەت بار، كۆزۈمنىڭ نۇرى، تېز ئارىدا باشقىلارغا يېتىشىۋالىمىز...
— ئاجايىپ سارايغا بارىمىز- ھە؟ - دەپ سورىدى ئەلشىر خۇشخۇيلۇق ۋە مۇغەممەرلىك بىلەن.

## بابۇرنىڭ سارىيىدا

ئوبۇلقاسىم بابۇر ئەتراپىغا ئۆزىگە سادىق ئادەملەرنى يىغىش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ پايتەختى ھىراتقا نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنى تارتىشقا باشلىدى. بابۇرغا يېقىن بولغانلارنىڭ ئارىسىدا تېمۇرنىڭ چەۋرىسى - سۇلتان ھۇسەيىنمۇ بار بولۇپ، ئەلشىر ئۇنىڭ بىلەن دوست ئىدى.
سۇلتان ھۇسەيىننىڭ دادىسى غىياسىدىن مەنسۇر ئەلشىرنىڭ دادىسى بىلەن يېقىن ئالاقىدە ئىدى. ئۇلار ئىمىلداش ئاكا - ئۇكىلار ھەم پىكىرداش ئادەملەر ئىدى.
غىياسىدىن مەنسۇر تېمۇرنىڭ ھاكىمىيەتكىمۇ، ئابرۇيىغىمۇ ئىگە بولالمىغان ئەۋلادلىرى قاتارىغا كىرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھىراتتىكى ئەنئەنە بويىچە «قۇدرەتلىك ئۆي» دەپ ئاتىلىپ قالغان، لېكىن قۇدرەت بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بايلىققىمۇ ئىگە بولمىغان ئۆيىدە قەدىر ئەھۋال ياشايتتى.
بۇنىڭغا ئۇنىڭ تېمۇر ئائىلىسىدىن چىققان خوتۇنى پىرۇزە بېگىم زادىلا رازى ئەمەس ئىدى. ئېرىگە ئۇ ئۈمىد باغلىماي، ئۆزىنىڭ پۈتۈن شۆھرەتپەرەسلىك ئوي - خىيالىنى بالىلىق چېغىدىن تارتىپ ئۇلۇغ مەقسەتكە تەييارلاپ كېلىۋاتقان ئوغلىنىڭ كېلەچىكىگە

باغلىدى. بۇ مەقسەت تېخى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىققانلىقى بىلەن ئوغلىدا ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىش خاھىشىنى ئويغىتىشقا تىرىشاتتى، ئۇ ئوغلىغا تېمۈر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ نامىنى ئاڭلىغاندا بەزىبىر ئادەملەر ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆپچۆرىسىگە خەۋپسىرەپ قاراشقا مەجبۇر بولاتتى.

ھۈسەيىن ئەلىشىردىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئەمما، ياش جەھەتتىكى بۇ پەرقنى ئۇلار ھېس قىلمايتتى. ھەر ئىككىلىسى بىر مەكتەپكە قاتناپ، قۇرئاندىكى سۈرىلەرنى ئوقۇشاتتى. ئەتىگەندە قاراڭغۇ، سوغۇق مەدرىسىگە كېلىشەتتى. بۇلۇڭلاردا ئېلىپبەنى ئاران ئوقۇيالايدىغان ئوقۇغۇچىلار ئولتۇراتتى. ھۈسەيىن بىلەن ئەلىشىر تىرىشچان بولغاچقا مولLىسىغا ئەگىشىپ پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ ھەرپلەرنى تەكرارلايتتى ۋە ئۇلاردىن سۆز قۇراشتۇرۇپ ئوقۇشاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ياشتا چوڭراق ئوقۇغۇچىلار ئولتۇراتتى. بۇ ئىككىسى قۇرئاننىڭ پارىلىرىدىكى بەزى يېنىك جۈملىلەرنى ئوقۇيالايدىغان بولۇپ قالغانىدى ۋە چوڭلارنى دوراپ، ئوقۇلۇۋاتقان سۆزلەرنىڭ مۇقاملىرىغا كەلتۈرۈپ باشلىرىنى چايقىشاتتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئوتتۇراھال ياشتىكى بالىلار ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار «گۈلىستان» نى① ئوقۇشاتتى. بۇلاردىن سەل نېرىدا بولسا بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان يىگىتلەر ئولتۇراتتى. بۇلار قۇرئاننى يادقا ئوقۇيالايتتى. ئۇلار مولLىسىنىڭ دەرس ئۆتۈشىگىمۇ ئانچە - مۇنچە ياردەم بېرەتتى.

ئەلىشىر بىلەن ھۈسەيىن مەدرىسىدە ئۆتۈلىدىغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر سوئاللىرى بىلەن مولLىسىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغانىدى.

بۇ ئىككى بالىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى بىر خىل ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى شېئىر يازاتتى، ئات مىنىپ سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرۈشەتتى ۋە ھىراتنىڭ كەلگۈسى شۆھرىتى توغرىسىدا ئارزۇلىرىنى سۆزلىشەتتى. ئۇلار بۇ توغرۇلۇق مەكتەپتىن قايتقاندا ساراي بېغىدا سەيلە قىلىپ يۈرۈشكەنلىرىدە كۆپ قېتىم سۆزلەشكەنىدى. سۇلتاننىڭ باي كۇتۇپخانىسىغا كىرىشكە ئۇلار ئۈچۈن ئىشىك دائىم ئوچۇق ئىدى. ئۇلار بۇ كۇتۇپخانىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشاتتى.

— مەن سۇلتان بولۇپ قالسام، - دېدى بىر كۈنى ھۈسەيىن، - سەن مېنىڭ باش كۇتۇپخانىچىم بولىسەن.

— سەن سۇلتان بولامسەن؟

ھۈسەيىننىڭ كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى ۋە بىر كالپۇكى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇششاق چىشلىرى يىرتقۇچلارنىڭ چىشىدەك كۆرۈنۈپ قالدى - دە:

— سەن بۇنىڭغا گۇمانلىنامسەن؟ مەن ئۆزۈمدە كۈچ بارلىقىنى سېزىمەن، - دېدى.

ئەلىشىر ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدى ۋە:

— ھە، سەن ئەلۋەتتە سۇلتان بولىسەن، مەن جان - دىلىم بىلەن سېنىڭ كۇتۇپخانىچىڭ بولىمەن. ئەمما، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بولمايمەن، ماڭا سەن شۇنداق ۋەدە بەرگىن، - دېدى.

— سەن نېمە دېمەكچىسەن؟ مەن چۈشەنمەي قالدىمغۇ؟

— مەن ئادەملەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى خالىمايمەن. مەن ئۇلارغا

① «گۈلىستان» - پارس ۋە تاجىكلارنىڭ XII ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك شائىر سەئدىنىڭ دىداكتىك ھېكايىلىرى توپلىمى.

ئەقىلنىڭ، مەرىپەتنىڭ نۇرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ۋە ئۆزۈمنى ئۆگىنىشنى خالايمەن.

— بىلمەسمەن، سەن ماڭا قارىغاندا تەكەببۇرراق ئىكەنسەن.

ئەمما، ئەلىشىر ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى، چۈنكى، دەل شۇ پەيتتە شەھەر ئۈستىدىن بىر توپ قاقىر ئۇچۇپ ئۆتكەنىدى. قۇشلار ئۈچ بۆلۈك ھاسىل قىلىپ، شىمال تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى خالىغان جايغا ئىنتىلىپ، ھاۋانى ئەركىن يېرىپ، قەتئىيلىك بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق سېزىلىپ تۇراتتى. ئەلىشىر ئۇلارنىڭ ئۇچۇشلىرىغا قاراپ بەختىيارلىق ئىلكىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۈسەيىننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى ـ دە:

— قېنى ماڭا يېتىشىۋالغىنە! ـ دەپ ۋارقىرىدى.

شۇنداق قىلىپ ۋاقتى يېتىپ، بۇ ئىككى بالا ئۆزلىرىنىڭ ياشلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىدىكى پەرقنى سېزىپ يېتىشتى. ئەلىشىر ياش جەھەتتە تېخى بالا ئىدى. ھۈسەيىن بولسا سارايدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ ئۇبۇلقاسىم بابۇرنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا مىرانشاھنىڭ نەۋرىسى ئابۇسەيىت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سەمەرقەنتكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشالمايدىغانلىقى ئۈچۈن يوشۇرۇن يىغلايتتى. ئۇ دوستى ھۈسەيىننىڭ بابۇر بىلەن يارىتىپ قالغان ئابۇسەيىتنىڭ قولىدا خىزمەتتە قالغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خاپا بولدى.

ئەلىشىر ئۇبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ھۆرۈن، ئاجىز، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تېخىمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇ ۋاقىتلاردا بىلمەيتتى. ئۇچۇق كۆڭۈل، ياش ئەلىشىر ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسى ۋە شەخسەن ئۆزىگە، سۇلتان ھۈسەيىنگە بابۇرنىڭ قىلغان مېھرىبانلىقى ئۈچۈن چەكسىز مىننەتدار ئىدى.

دوستىنىڭ مەككارلىقى توغرىسىدا ئويلاپ قالغاندا، بۇ ئوي ئەلىشىرگە ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلاتتى. ئۇ بارا ـ بارا ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان، دائىم قاپىقىنى سېلىپ يۈرۈيدىغان ۋە سەگەكلىشىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدى، مانا شۇنداق ھالەتتە يۈرگىنىدە ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆز سەزگۈلىرىنى شېئىردا ئىپادە قىلدى.

كىممۇ ۋايىغا يەتمىگەن بۇ ياش بالىنى بۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك، تەسىرلىك شېئىرلارنى يازىدۇ، دەپ ئويلار؟ ئۇنىڭدا خۇددى ئىلھام بۇلىقى ئېچىلغاندەك بولدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى ـ يېڭى مىسرالارنى يېزىشقا باشلىدى.

## زەمىرە

ئەلىشىر يالغۇزلۇقنى خالاپ، پات ـ پات باغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتەتتى ۋە تاشلىنىپ قالغان باراڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپ شېئىر يازاتتى.

يازنىڭ ئىسسىقىدا چىۋىنلار ھۆرۈنلۈق بىلەن غىڭىلدايتتى؛ يېنىك شامالدا دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلايتتى؛ قەيەردىدۇر ئېشەكنىڭ قاتتىق ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئەلىشىر ئۆزىنى پۈتۈن جاھاندىن ئايرىلىپ، چۆللەردە ئادىشىپ قالغاندەك ھەمدە ئېگىز كۆك ئاسماندا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كىتابىدا ئوقۇغان قۇشلاردەك پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ دادىسى يىرتىپ تاشلىغان كىتابىنى كۆپ قېتىم ئەسلىدى. قۇشلار پادىشاھى سۇمرۇغنىڭ سىرلىق مەملىكىتىنى ئەلىشىر ناھايىتى بەختلىك ۋە ئۆزى شۇنچە ئارزۇ قىلغان مەرىپەت دۇنياسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. بۇنداق بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن

ئىزدىنىش ۋە جاپالىق ئەمگەك قىلىش كېرەك دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بالا ئۆز پىكىر ۋە سەزگۈلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سۆز خەزىنىسىدىن ئەڭ كېرەكلىك ۋە ئەڭ تەسىرلىك سۆزلەرنى تاللىۋېلىپ، ئەگەر بۇ سۆزلەرنىڭ بىرەرسىنى ئېلىۋەتسە ياكى ئورنىدىن يۆتكىۋەتسە پىكىرگە تەسىر يېتىدىغان قىلىپ، رەتلەشكە ۋە شۇ تەرىقىدە تۈزەشكە ھەرىكەت قىلاتتى. خۇددى بىنانىڭ خىشلىرىدەك بۇ سۆزلەرمۇ شېئىرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇن پۈتۈنلۈكىنى ساقلىشى كېرەك ئىدى.

ئەلىشىر بەزىدە ئىككى مىسرا ئۈستىدە بىرنەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى. ھەتتا، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى - دە، تاماق ۋاقتىنىڭ بولغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى. پەقەت قېرى ھاشىملا ئۆز پەرزەنتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئەلىشىرگە تاماق ئەكېلىپ بېرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق نەۋرىسى زەمىرەمۇ كېلەتتى. زەمىرە يېقىندىلا يېزىدىن كەلگەنىدى. ئۇنىڭ يېزىدىكى تۇل ئانىسىغا يېتىملارنى تەربىيىلەش ئېغىر كەلگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا بۇ بىچارە تۇل ئانا ئۆزىنىڭ ئەڭ كىچىك، سۆيۈملۈك قىزى زەمىرەنى باي خوجايىنلىرىنىڭ ئۆيىدە بېقىلىپ كېتەر دېگەن ئۈمىدتە ھاشىمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتۈەتكەنىدى. ھاشىم ئەلىشىرنى كۆپرەك تاماق يېيىشكە زورلاپ، نەسىھەتلەر قىلىشقا باشلىغاندا زەمىرە مايسىلارنىڭ گۈل - گىياھلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، كېپىنەكلەرنى تۇتۇپ، گۈللەرنى ئۈزۈپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن ناخشا ئېيتىپ يۈرەتتى. قىزىل گۈللۈك كۆينەك كىيىۋالغان بۇ قىزنىڭ ئۆزىمۇ كېپىنەككە ئوخشايتتى. كۆينىكىنىڭ ياقىسىدىن قاپقارا چاچلىق بېشى چىقىپ تۇراتتى، ئون ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چېچى بولسا بېلىگىچە چۈشەتتى. بوۋىسى ئۇنى چوڭلارنىڭ ئالدىدا مۇلايىم ھەم ئەدەپلىك بولۇشقا ئۆگەتكەنىدى. ئەمما، ئەلىشىرنى ئۆز ئاكىلىرىنىڭ بىرسىگە ئوخشاتقانلىقتىن زەمىرە تارتىنمايلا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قورقماي گەپ قىلىۋېرەتتى. ئەلىشىرمۇ قىزلارغا ئانچە ئېتىبار قىلماسلىق كېرەك، دېگەن ئومۇمىي قائىدىگە ئېتىبار قىلماي، بۇ قىز بىلەن سۆھبەتلىشىۋېرەتتى.

زەمىرەمۇ بەزىدە ئەلىشىرنىڭ قېشىغا بوۋىسى ھاشىم بولمىغان ئەھۋالدىمۇ كېلىۋېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا بۇ قىزنىڭ نازۇك قوللىرىغا ۋە جاراڭلىق ئاۋازىغا ئۆگەنگەن، يولۋاس دەپ نام قويغان قېرى ئىتى بىللە كېلەتتى.

زەمىرە ئۆزىنىڭ قىزىق گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئەلىشىرنى ھەيران قالدۇراتتى.

— ئۆز ئۆيۈڭدىن بۇنچە يىراقتا تۇرۇش سېنى زېرىكتۈرمەمدۇ؟ - دەپ سورىدى ئەلىشىر بىر كۈنى زەمىرەدىن.

— قىز ئۇنىڭغا قارا كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى:

— بۇ يەردە گۆش، نان كۆپ. . . چىرايلىق باغمۇ بار. . . بوۋاممۇ شۇنداق مېھرىبان!

ئانىسى يادىغا كېلىپ، كۆڭلى بۇزۇلغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى؛ ئۇ ھاياجىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەتتى. ئىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلىشىرمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يىراقتىن كۆينىكى قىزىرىپ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان قىزنى قوغلاپ يەتمەكچى بولدى. ئۇ ئادەملەر دەسسەپ يول قىلىۋەتكەن مايسىزارلىق بىلەن يۈگۈردى.

زەمىرە بارغانسېرى ئۇزاقلىشىپ كېتىپ باراتتى؛ ئۇ باغنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ئۆزى بېرىپ باقمىغان بىر چېتىگە بېرىپ قالغانىدى. بىردىنلا قىزنىڭ ئالدىدا كەڭ بىر سۈنئىي

كۆل كۆرۈندى. زەمىرە قورقۇدەكمۇ ۋە بىرەر نەرسىنى ئويلىغۇدەكمۇ بولماي، يۈگۈرۈپ كەتكەن بويىچە كۆلگە سەكرىدى. بىر ئاز ۋاقىتقىچە سۇ ئۈستىدە بىر قىزىل نەرسە كۆرۈندى - دە، ئارقىدىن قىز ۋارقىراپ سۇغا چۆكۈشكە باشلىدى.

ئەلىشىر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۇغا سەكرەش ئۈچۈن ئۆتىكىنى يېشىپ بولا - بولماستىنلا يولۋاس زەمىرەنىڭ كۆينىكىدىن مەھكەم چىشلەپ، ئۇنى سۇدىن تارتىپ چىقىشقا باشلىدى.

زەمىرە ئەلىشىرنىڭ ئالدىدا ئۈستۈبېشى هۆل هالدا تىترەپ تۇراتتى.

— بوۋامغا ئېيتما، - دەپ ئۆتۈندى ئۇ ئەلىشىردىن، چاچلىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ.

— كۆينىكىڭنى قانداق قىلىسەن؟ هۆل بولۇپ كەتتىغۇ.

— يامغۇر ياغدى دېگىن.

ئەلىشىر بۇ ساددا هىيلىگەرلىككە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بۇنداق ۋاقىتتا يامغۇرنىڭ يېغىشى ئەجەبلىنەرلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنىسىمۇ باركى، هاشىم ئاتا بىزدىن ئۈچ يۈز قەدەمچىلا نېرىدا، ئۇ يەردە هېچقانداق يامغۇر ياغمىدى! شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، هېچقاچان يالغان سۆزلەشكە بولمايدۇ. قورقۇنچاق ئادەملەرلا يالغانسۆزلەيدۇ، سەن بولساڭ باتۇر قىزغۇ. سۇغا سەكرەشتىن قورقمىدىڭ.

— ۋاي ئەمدى سەكرىمەيمەن!

— ئەمدى چاپسان ئۆيگە بېرىپ كىيىمىڭنى يۆتكىۋال. قېنى كىم ئالدىدا بارىدىكىن!

شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋال ئەلىشىر، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زەمىرە ۋە قويرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئىت ماڭدى - دە، ئۆيگە يۈگۈرۈشتى.

چۈش ۋاقتىدىكى قۇياش ئىسسىقىدا كۆينەك تېزلا قۇرۇپ قالدى، شۇنداق قىلىپ هاشىم نەۋرىسىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىدى. ئەلىشىر قىزدىن بۇنىڭدىن كېيىن هېچقاچان ئۇنداق ئىشنى قايتا سادىر قىلماسلىقى توغرىسىدا ۋەدە ئېلىپ، ئۇنى كەچۈردى ۋە هاشىمغا هېچنېمە دېمىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن هېچقاچان بۇنداق ئىش تەكرارلانمايدۇ! - دەپ قەتئىي ۋەدە بەردى قىز.

— هەتتا ئارقاڭدىن جىنلار قوغلىسىمۇ تەكرارلىماسسەن؟

زەمىرە بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، كېيىن:

— هە، چۈنكى، سۇدىمۇ جىنلار بار.

ئەلىشىر قىزىقىپ يەنە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن سۇدا نېمە كۆردۈڭ؟

زەمىرە يالغان ئېيتىشقا باشلىدى:

— خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك سارايلار بار ئىكەن، ئايمۇ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، - دەپ ئۇز سۆزىدە قاتتىق تۇرۇۋالدى قىز، - ئاينىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن جىنلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنى ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا چاقىرىشتى...

— سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشنى خالىمىدىڭمۇ؟

زەمىرە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە:

بېرىشقا ئۇلگۇرەلمىدىم، - دېدى ئۇ، بىرئاز ئۈنچىقماي تۇرغاندىن كېيىن، - مېنى يولۋاس تۇتۇۋالدى، كېيىن سەن مېنى سۇدىن تارتىپ چىقاردىڭ.

— مەن سېنى هەرقانداق ۋاقىتتا قۇتۇلدۇرىمەن! - دېدى ئەلىشىر قىزغىنلىق بىلەن، مەن بىلەن تۇز تۇتۇپ ئاكا - سىڭىل بولۇشنى خالامسەن؟

بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى زەمىرە بىلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىشىر ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈردى:

— بىزدە شۇنداق گەپ بار، ئەگەر سەن بىرەر كىشىنىڭ تۈزىنى يېگەن بولساڭ، شۇنىڭ ئائىلىسىگە مەڭگۈ سادىق بولۇشۇڭ كېرەك. تۈز بولسا يەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىسى.

ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا بىر گۇۋاھچى كېرەك بولۇپ قېلىۋىدى، ئۇلار ھاشىمنى ئارىلاشتۇردى.

ئىككىنچى كۈنى باغدا ئەلىشىرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بارىڭىدا ئاكا - ئۇكا بولۇش مۇراسىمى بولدى. ئەلىشىرگە ھاشىم تۈزنى بېرىۋېتىپ:

— بالىلىرىم، ياخشىلىق ھەم ھەققانىيەت ئۈچۈن تۈز تۇتۇپ ئاكا - سىڭىل بولۇڭلار، - دېگەندە ھاشىمنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامىتى جىلۋىلەندى.

ئەلىشىر تەنتەنىلىك يوسۇندا زەمىرەگە بېشىنى ئەگدى - دە، ئۇنىڭغا تۈزنى بەردى ۋە:

— ماڭا ئۆمۈرۋايەت سىڭىل بولغىن، - دېدى. بۇ ئىش ئۆزىگە قىزىق بىر ئويۇندەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، زەمىرە يەنىلا جاۋاب تەرىقىسىدە ئۆزى يادلىۋالغان سۆزلەرنى ئېيتتى:

— مانا مۇشۇ پاك تۈز ھەققى ئۈچۈن مېنىڭ ئەبەدىي ئاكام بولغىن.

سۇلتان ھۈسەيىن بىلەن ئايرىلغاندىن كېيىنكى بۇ يازمۇ مانا مۇشۇنداق ئۆتتى. ئەلىشىر باشقا يېڭى دوستلارنى تېپىشقا كۆڭۈل بەرمىدى. ئۇ ئۆز قەلبىدىكى مۇلايىملىقنىڭ بىر قىسمىنى زەمىرەگە بېغىشلايتتى. زەمىرەنى كۆرگەن چاغدا ناخشا ئېيتقۇسى، شېئىر يازغۇسى، رەسىم سىزغۇسى كېلەتتى. ئۇ بىر كۈنى زەمىرەنىڭ كېپىنەك قوغلاپ يۈرگىنىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىر پارچە سۈرەتنىمۇ سىزغانىدى.

ئەمما، ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك كىتابلار خۇشال قىلاتتى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن شېئىرلارنى نۇرغۇن قېتىم تەكرارلاپ ئوقۇيتتى ۋە بەزىدە ئۇلارغا جاۋاب تەرىقىسىدە شېئىرلارنىمۇ يازاتتى. بۇنداق يېزىلغان شېئىرلار ئۇنىڭدا خېلى كۆپ توپلىنىپ قالغانىدى. ئەمما، ئەلىشىر ئۇلارنى تېخى بىرەر كىشىگە كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالماي يۈرەتتى.

ئەلىشىرنىڭ ئاتا - ئانىسى سەپەرگە چىقىپ كەتكەنىدى. دادىسى سەبزىۋارغا ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. ئۇلار ئەلىشىرنى ئوقۇشىنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ھىراتتا قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. خۇراساننىڭ بۇ پايتەختىدە مەيدانغا كەلگەن كۇتۇپخانا بولسا ئەينى چاغدا دۇنيادىكى ئەڭ باي كۇتۇپخانىلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

سۇلتان ئۇبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئۆزىمۇ شەخسەن بۇ بالىنى ھېچنېمىگە موھتاج قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەنىدى. غىياسىدىن كىچىكنىڭ ھىراتتىكى ئۆيى بىلەن بېغىنىمۇ ئەلۋەتتە بىرەر ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ قارىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىشىر بىلەن ئۆي ۋە باغنى سەممىي - سادىق ھاشىمنىڭ غەمخورلۇق قىلىپ تۇرۇشىغا قالدۇرۇپ كېتىشتى. گەرچە بۇ ئادەم ئىشەنچلىك تايانچ بولسىمۇ، ئەمما سۆيۈملۈك ئوغلىنى ئويلىغىنىدا ئانىنىڭ كۆڭلى چىدىمايتتى؛ ئۇ ئوغلىغا خەت - خالتا ئەۋەتىشتە ھەر قانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىناتتى. مۇشۇنداق ئەۋەتىلگەن خەتلەرنىڭ بىرى ئەلىشىرنى ناھايىتىمۇ خۇشال قىلدى. خەتنى دادىسى سەبزىۋاردا ئۆز غەزەللىرى بىلەن نام چىقارغان شائىر ئەمىرشاھى بىلەن يېقىندىن تونۇشقانلىقى توغرىسىدا يازغانىدى. ئەلىشىرنىڭ شېئىرىيەتكە قىزىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەمىرشاھى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا ئۆزىنىڭ تېخى يېقىندا يېزىپ تۈگەتكەن غەزىلىنى ئەلىشىرگە ئەۋەتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. بۇ خەتكە جاۋاب يازماقچى بولۇپ ئەلىشىر يېرىم كېچىگىچە ئولتۇردى. ئەتىگەنلىكى باشقىلار ئۇنىڭ

قولىدا قەلەم تۇتۇپ، قولىيازمىسىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ھالدا كۆرۈشتى. ھاشىم بالىنى سەھەردىكى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنى تۈزۈكرەك ياتقۇزۇپمۇ قويمىدى، ئەمما بۇ بالا شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدىكى، ھەتتا دېرىزە تۈۋىدە زەمرەنىڭ ئېيتقان جاراڭلىق ناخشا ئاۋازىمۇ ئۇنى ئويغىتالمىدى.

## سۇلتان ھۈسەيىننىڭ قايتىشى

كۈتۈلمىگەندە سەمەرقەنتتىن: «ھۈسەيىننىڭ تاغىسى سۇلتان ئۈۋەيس ئابۇسەيىتقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ. غەزەپلەنگەن ئابۇسەيىت ھۈسەيىننى ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئون ئۈچىنى سېپىل ئىچىگە قاماپ قويۇپتۇ» دېگەن دەھشەتلىك خەۋەر تارقالدى.

پىرۇزا بېگىم سارايغا كەلدى، ئۇ كىيىملىرىنى يىرتىپ تۇرۇپ، بابۇردىن ئۆزىنى سەمەرقەنتكە ئەۋەتىشنى يالۋۇرۇپ ئىلتىماس قىلدى.

— تېمۇرنىڭ چەۋرىسى بولغان ئوغلۇمنىڭ قىيناقتا قېلىشىغا يول قويمايمەن! ۋاي شورۇم قۇرۇسۇن، مېنىڭ شورۇم قۇرۇسۇن! بالىنى نېمە ئۈچۈن سەمەرقەنتتە قالدۇرغان بولغىيتتىڭلار؟

پىرۇزا ئابۇسەيىتنىڭ قۇدرىتى ۋە بايلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئۆزىنىڭ بالىنى قالدۇرۇشقا قوشۇلغانلىقىنى ھازىر تامامەن يادىدىن چىقارغانىدى. بابۇر بۇ يىغلاۋاتقان خوتۇنغا يىرگىنىچ بىلەن قاراپ:

— ئەگەر ئۆز تەلىپىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىشىغا ئىشەنسەڭ، سەمەرقەنتكە بار. مەن سېنى ئۆز ئەۋلادىمىزغا لايىق بولغان قورال — ياراغ بىلەن تەمىنلەيمەن.

— مەن ھۈسەيىننى ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىمەن ۋە ئۇ يەنە سېنىڭ سادىق خىزمەتكارىڭ بولىدۇ، — دېدى دەرھال خاتىرجەم بولغان ھالدا پىرۇزا.

* * *

ئابۇسەيىت ئىككى توغقان سىڭلىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا كۆنۈپ، ھۈسەيىننى ئازاد قىلدى. پىرۇزا:

— ھۈسەيىن ئەمدى ھېچقاچان ئابۇسەيىتقا قارشى قوزغىلاڭ قىلمايدۇ، — دەپ قەسەم ئىچتى.

تۇتقۇنلارنىڭ قايتىپ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بابۇر زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئەلىشىر بىلەن ھۈسەيىن خۇشال ھالدا كۆرۈشتى. شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆز ھېسسىياتلىرىنى، يوشۇرماقچىدى. ئايرىلغاندىن كېيىن بۇلاردا كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. ئەمما، بالىلار بىر - بىرىنى ئىلگىرىكىدەكلا ياخشى كۆرۈشەتتى. شۇنداقتىمۇ سىرتتىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قانداقتۇر بىر يەردىن چىقماسلىقتەك ئەھۋال سېزىلىپ تۇراتتى. ھۈسەيىن بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ، يۈرۈش - تۇرۇش، ئاۋازى، قىلىقلىرىغا قارىسا ئۇ جەڭچىگە ئوخشايتتى. ئەلىشىر بولسا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، ئۇ ھەتتا دوستىغا ئۆزىنىڭ يېڭى شېئىرلىرىنىمۇ ئوقۇپ بەرمىدى. چۈنكى، ھۈسەيىننىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا مەسخىرە قىلغاندەك سېزىلەتتى. ئويچان، ئېغىر بېسىق ئەلىشىر يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يالغۇز ئۆزى قولىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ باغدا

ئىلگىرىكىدەكلا سائەتلەپ ئولتۇراتتى. ئىراق، ئاشۇ يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە دەرەخلەرنىڭ قانداق شىلدىرلايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، ئىپەكسىمان قەغەزگە نىمىلەرنى يازغانلىقىنى ھېچكىمگە، ھەتتا ھۆسەيىنگىمۇ ئېيتىپ بەرمەيتتى. گەرچە دوستلۇقنى بۇرۇنقىدەكلا دۇنيادىكى ھەممە ھېسسىياتلاردىن ئۈستۈن قويسىمۇ، يەنىلا ئەلىشىر ئۆزىنىڭ يالغۇز بولۇشىنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. بىر كۈنى ھىرات يولىدىكى ئېقىنتىدا شەرەپپىددىن ئەلى يەزدى ئەلىشىرنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى دەپتىرىگە چاقچاق قىلىپ:

ئەيىب ئەتمە مەيگە سۈجۈپ قىلغۇچىلارنى،
زىرا ئۇل مەيدە يار ئەكس نامايان ئولغاي.

دەپ يېزىپ قويغانىدى.

دانا تارىخچى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى پات - پات ئەسلەپ ئەلىشىر: «دوستلۇق ھېسسىياتلىرىغا سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇق سۆز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش كېرەك. دوستلار بىر - بىرىدىن يىراق يەرلەردە تۇرسىمۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى يېقىن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلايتتى.

ئۇ بۇ جەھەتتە سۇلتان ھۆسەيىنگە بىر قانچە قېتىم ئىيتقانىدى. ئەمما، ھۆسەيىننى بۇنداق ئوي - پىكىرلەر ئانچە ئويلاندۇرمايتتى. ئۇ ئەلىشىرنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. ئەمما، ئۇ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەيتتى.

ئەلىشىر ئۆز دادىسىنىڭ ئۆيىدە بولغان شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. شۇ سەۋەبلىك بىر كۈنى سۇلتان ھۆسەيىن ئۆزىمۇ شېئىر يازماقچى بولدى. بۇ تاقەتسىز ئادەم ھەممە نەرسىنى دەرھاللا ئىشقا ئاشۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇ كۆكۈم چۈشۈپ، ئاسماندا تۇنجى يۇلتۇزلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان چاغدا غەزەل يېزىشقا باشلاپ، ئۇنى يېرىم كېچە بولغاندا تۈگەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ غەزىلىنى كېچىسى چىققان يۇلتۇزغا ئاتىغانىدى. ئەلىشىر دوستى يازغان غەزەلنىڭ سىرتتىن قارىغاندا دەبدەبىلىك ئىكەنلىكىنى ماختىدى، لېكىن ئۇنىڭدا يېڭى پىكىرنىڭ يوقلۇقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

سۇلتان ھۆسەيىن بۇنىڭغا خاپىمۇ بولمىدى ۋە ئاچچىقمۇ قىلمىدى، پەقەت پەرۋاسىزلىق بىلەنلا:

— بوپتۇ، مەن پەيلاسوپ بولماقچى ئەمەسمەن. مېنىڭچە شېئىرىيەت پەقەت سەزگۈلەرنىڭ جان راھىتىلا خالاس. بىلەمسەن ئەلىشىر! قەلەملەرنى ئوق خالتىلىرى بىلەن ئالماشتۇرايلۇق، بىزنىڭ ئوۋ قىلمىغىنىمىزغا خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. ھازىر راسا جەرەن ئوۋلايدىغان ۋاقىت. يىگىتلەرنى يىغىپ ئەتىلىككىلا يولغا چىقىمىز، - دېدى.

## ئوۋ

تاڭ سەھەردە كۆل رەڭ ئاسمان بارغانسېرى كۆكۈش رەڭگە كىرىشكە باشلىغان چاغدا كىشىلەرنى توپلاش ئۈچۈن تا-تا-تا-تات قىلىپ كانايلار چېلىندى.

ھۇسەيىننىڭ ئەلىشىر بىلەن ئوۋغا چىقىش توغرىسىدىكى ئۆتۈنۈشىنى سۇلتان مېھرىبانلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇبۇلقاسىم بابۇر بۇ بالىغا ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن قارايتتى. بالىدىكى ئۆزىگە قارىتا ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك سۇلتاننى ئۆزىگە تارتىۋالغانىدى. بۇ خىل ئەھۋاللار سۇلتاننىڭ ئۆزىدە يوق ئىدى. تېخى كامالەتكە يەتمىگەن بۇ ياش بالا سۇلتانغا كۈچلۈك تايانچ بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆز دۆلىتىنى كېڭەيتىش، پارچىلىنىپ كەتكەن زېمىنلارنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا بەزىدە تۇيۇقسىز ئارزۇ - ئىستەك قوزغىلىپ قالغان چاغلاردا ئۇ سۇلتان ھۇسەيىننى ئۆزىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدىغان باتۇر جەڭچى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

دۆلەت خىزمىتىگە ئەلىشىرمۇ قوبۇل قىلىنغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شەخسەن ئۆزى ئۇبۇلقاسىمدىن ئوۋغا قاتنىشىش توغرىسىدا رۇخسەت ئالغىلى كەلگەنىدى.

— ھە، غىياسىدىن كىچىكنىڭ ئوغلى! - دەپ سالاملاشتى ئۇنىڭ بىلەن ئۇبۇلقاسىم، - ئەگەر سەن بىزنىڭ خاندانىمىزغا داداڭغا ئوخشاش سادىق خىزمەت قىلساڭ، ئاللاتائالا سېنى ئۆز غەمخورلۇقىدىن چەتتە قالدۇرمايدۇ. بوپتۇ بار، جەرەننىڭ ئەڭ سېمىزىنى ئېتىپ كەل.

سۇلتان ئوۋچىلارغا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوۋچىسىنى قوشۇپ ئەۋەتتى. بۇ ئېگىز بويلۇق، كۈچلۈك، سىرتىدىن قارىغاندا رەھىمسىزدەك كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا ھەتتا دەھشەتلىك ۋەھشىي يولۋاسمۇ ئۇنى كۆرگەندە قورققىنىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويارمىش. ياۋايى پىلمۇ ئۇنى كۆرگەندە خارتۇمىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ تۇرارمىش.

ئەلىشىر سۇلتان ھۇسەيىننىڭ يېنىدا ماڭدى. ئۇبۇلقاسىم بابۇر ئۇنىڭغا پۈتۈن جابدۇقلىرى بىلەن يېڭىدىن بىر ئاتنى سوۋغا قىلغانىدى. ئات تېخى ياخشى كۆندۈرۈلمىگەنىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئەلىشىر ئۆزىنىڭ قورقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېگەردە سىڭايان ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالچانلىقى يوقالغانىدى. يېڭى تەسىراتلارغا قىزىققانلىقىدىن كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. بۇنداق چوڭ ئوۋغا ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم قاتنىشىشى ئىدى. ئەلىشىر سۇلتان ھۇسەيىنگە ھۆرمەت بىلەن قارايتتى، بۇ ئەھۋال ھۇسەيىنگە غەلىتە بولۇپمۇ سېزىلمەيتتى. سۇلتان ھۇسەيىن ئوۋنى ئېتىشقا ئۇستا ئىدى، ئۇنىڭ ئېتىپ كەلگەن جەرەن ھەم ياۋا ئۆردەكلىرىنى سارايدا كۆپ قېتىم پىشۇرۇپ يېيىشكەنىدى.

ئوۋچىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ بارغۇچى خىزمەتكارلار ئارىسىدا ھاشىممۇ بار ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئۆزىگە بىرەرسىنىڭ ئارتۇقچە غەمخورلۇق قىلىپ كېتىشىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن ھاشىم ئۇنىڭ كۆزىگە تولا كۆرۈنمەسلىككە تىرىشاتتى، شۇنداقتىمۇ يىراقتىن ئۇنىڭغا ھەر دائىم كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرەتتى.

ئوۋغا چىققانلار تاغدا بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قالىدىغان بولغاچقا چېدىرلارنى، قاچا - قومۇچلارنى ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشقانىدى. ھاۋا ئەتىگەنلىكى كۆز ئايلىرىدىكىدەك سوغۇق، كۈن چىققاندىن كېيىن ياز كۈنلىرىدىكىدەك ئىسسىق بولۇپ كېتەتتى.

بىرىنچى قېتىمقى دەم ئېلىش كۈن قايتقاندىن كېيىن چۆلدە بولدى. ئاتلارنىڭمۇ، ئادەملەرنىڭمۇ قارنى ئاچقانىدى. گىلەملەرنى سېلىپ، تائاملارنى تەييارلىغۇچە ئەلىشىر بىلەن سۇلتان ھۇسەيىن ئەتراپنى سەيلە قىلىپ كەلگىلى كەتتى. ئۇلار شاۋقۇنلۇق لەشكەر گاھىدىن

بارغانسېرى ئۇزاقلاشتى. يازنىڭ ئىسسىق قۇياش نۇرىدا يەرلەر يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئاغزى ئېچىلىپ قالغان يارلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە ئاندا ـ مۇندا چۆپلەر ئۈسكەن بولۇپ، ئەمەنلەرنىڭ ئاچچىق پۇرىقى دىماغقا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلاتتى.

— يەرلەر سۇسىزلىقتىن قاقشاپ كېتىپتۇ، — دېدى ئەلىشىر، — ئەگەر بۇ يەرلەر سۇغۇرۇلىدىغان بولسا، بۇ يەرلەردە ياۋا ئوتلار ئورنىغا دانلىق زىرائەتلەر ئۈنگەن بولاتتى.

ئەمما، ھۇسەيىن ئەلىشىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى، ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن چەتتىكى بىر نەرسىگە قاراۋاتاتتى.

— قارا ئەلىشىر، ئەگەر خاتالاشمىغان بولسام، ئاۋۇ يەردە يىلان يۈرۈيدىغۇ دېيمەن ...

كونا ئارغامچىغا ئوخشاش بىر نېمە بىردەم ئۈزىراپ، بىردەم ئەگرى ـ بوگرى قىياپەتكە كىرىپ، تېزلىك بىلەن تىكەنلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

— چاپسان تاياق بىلەن بېشىغا ئۇر! — دېدى ئەلىشىر، — چۆل يىلانلىرى زەھەرلىك بولىدۇ ...

يىلان شۇ ئارىدا ئۇلاردىن يىراقلىشىپ، يەرنىڭ يېرىقىغا كىرىپ غايىب بولدى.

— بۇ يەرلەردە قونۇش خەۋپلىك ئىكەن، — دېدى ئەلىشىر ھاياجانلىنىپ، — ئېھتىمال يەنە باردۇر....

— توختا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى سۇلتان ھۇسەيىن، — مېنىڭچە بۇ يەردە يىلانلار بولغاندىن كېيىن بىرەر يەردە ئۇلار ساقلاپ ياتقان خەزىنە بولۇشىمۇ مۇمكىن. رىۋايەتلەردە شۇنداق دېيىلىدىغۇ، رىۋايەتلەر ھېچقاچان كىشىنى ئالدىمايدۇ.

ئەلىشىر قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

— رىۋايەتلەر پەقەت رىۋايەتتىكى قەھرىمانلارنىلا ئالدىمايدۇ. مەن يىلان كەينىگە كىرىپ خەزىنە ئىزدىمەسلىكنى ۋە يىلاندىن زەھەرلەنمەسلىكنى تەكلىپ قىلىمەن.

سۇلتان ھۇسەيىن قاپىقىنى سالدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە سۆز ياندۇرغان ئادەمنى يامان كۆرەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلىشىرنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەلىشىر ئۆز دوستىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭلاشقا، تالىشىپ ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمەي، خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— بوپتۇ، ئىزدەپ كۆرەيلى. بۇ يەرلەردە نۇرغۇن قانلىق ئۇرۇشلار بولغان، كىشىلەر راستىنلا ئۆزلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى كۆمۈپ قويغان بولۇشلىرى مۇمكىن. ئۇ چاغلاردا كىچىك بولساڭمۇ يادىڭدا بار، مەرھەمەتلىك سۇلتان شاھرۇخ ئۆلگەندىن كېيىن كارۋانلار مانا مۇشۇ يەرلەر ئارقىلىق بىز ئاتلىرىمىزنى ھىراتتىن ئېلىپ ئۆتكەنىدى. كۆپ ئادەملەر ئۆز يۇرتلىرىنى، ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ چىقىپ، زار ـ زار يىغلىشىپ، چەت ئەللەردە پاناھ ئىزدىگەنىدى، — دېدى.

قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزگەن بالىلار لەشكەر گاھقا قاراپ مېڭىشتى. قانداقتۇر بىر قىزىل داغ ئۇلارنىڭ ئالدىغا پۇلاڭلاپ كەلمەكتە ئىدى. بارا ـ بارا يېقىنلاشقاندا ئۇ داغ كىچىككىنە قىزىل كۆينەكلىك قىزغا ئايلاندى.

— زەمىرە! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلىشىر، — سىڭلىم بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

زەمىرە ئەلىشىرگە قاراپ بارغانسېرى چاپسانراق يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، بىردىنلا توختاپ قالدى ـ دە، گويا ئوت ـ چۆپنى ئۈزمەكچى بولغاندەك يەرگە ئېڭىشتى. كېيىن كەينىگە داجىپ، بىرەر دەھشەتلىك نەرسىگە يولۇققاندەك قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. ئەلىشىر ئۇنىڭ

ئالدىغا شامالدەك تېزلىك بىلەن يۈگۈرۈپ يېتىپ باردى.

ئاغرىق ئازابىدا ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بارماقلىرىنى كەرگەن ھالدا ئوڭ قولىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ:

— ئاغرىۋاتىدۇ، ئاغرىۋاتىدۇ، يىلان! ... دەپ ۋارقىرىدى. ئەلىشىر قىزغا ئېگىلىشتى ۋە قىزنىڭ ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى قاننى شوراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يولۋاس ھاۋشىپ سەكرەپ يۈرەتتى. بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا قىزىقىپ، سۇلتان ھۇسەيىنمۇ دەرھال يېتىپ كەلدى ـ دە، دوستىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قويدى.

... «ئۇۋچىلارنىڭ لەشكەر گاھىدا بىر قىز بالا! ئۇنى ئەلىشىر تونۇيدىكەن! ئۇ نېمە ئۈچۈن قىزنىڭ بارمىقىنى شورايدۇ!».

سۇلتان ھۇسەيىن بۇ ئىشلارغا ھەيران بولدى، ئۇ نەپرەت بىلەن ھىجىيىپ قويدى. ئەمما، قىزنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق ئاياغلىشىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا قاراپ تۇردى.

— مانا ئەمدى بولدى، ـ دېدى ئەلىشىر ئاخىر.

ئەلىشىر زەمىرەنىڭ كۆينىكىنىڭ ئېتىكىدىن ئىنچىكە قىلىپ يىرتىۋالدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ يىلان چاققان بارمىقىنىڭ تۈۋىدىن قاتتىق باغلاپ قويدى. بارماق تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈچىدا قان تامچىسى پەيدا بولدى.

— ھەممىسى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايمەن. قان كۆرۈندىمۇ، دېمەك، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىلاننىڭ زەھىرىمۇ چىقىپ كەتتى دېگەن سۆز. ئەمدى سىڭلىم، ئىككىمىز تېخىمۇ كۆچلۈكرەك ئاكا ـ سىڭىل بولدۇق، يەنى قان بىلەن قەسەم ئىچىشتۇق.

قىز ئەمدى يىغىسىنى توختاتقانىدى، ئۇ سەل تىترەپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىدى سۇلتان ھۇسەيىن.

— ئۇنى يىلان چېقىۋاپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يىلان چاققان يەردىن قاننى شوراپ چىقىرىۋېتىشكە ئالدىرىدىم. قىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى دەپ ئويلايمەن. زەمىرە بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

زەمىرەنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.

— مېنى ھاشىم بوۋام ئېلىپ كەلدى، ئۇ مېنى ئاپامنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن دېگەنىدى.

ئەمدى ئىتىمۇ ھاۋشىمايتتى، ئۇ گويا ئۆزىنىڭ خوجايىنى ۋە سۆيۈملۈك خېنىمىنى قۇتۇلدۇرغانلىقىنى چۈشەنگەندەك، ئىللىق كۆزلىرى بىلەن ئەلىشىرگە قاراپ تۇراتتى.

سۇلتان ھۇسەيىن ھاياجانلانغان ھالدا خىتاب قىلدى:

— كۆردۈڭمۇ، بۇ يەردىمۇ يىلان بار ئىكەن! ئېھتىمال، بۇ ھېلىقى بىز كۆرگەن يىلاننىڭ ئۆزىدۇ؟ قەيەردىدۇر بىر يەردە ئەلۋەتتە خەزىنە كۆمۈلگەن بولۇشى مۇمكىن؟!

نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، تاماق پىشۇرۇلۇۋاتقان گۈلخانلاردىن چىقىۋاتقان ئىس ئادەمنى ئۆزىگە جەلب قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن باللار لەشكەر گاھقا ئالدىراشتى. ئەلىشىر زەمىرەنى يېتىلەپ ماڭدى. سۇلتان ھۇسەيىن بۇلارغا قاراپ قويۇشنىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ئىش ئەمەس دەپ قارايتتى.

ئۇۋچىلارنى گىلەملەر ئۈستىگە سېلىنغان داستىخاندىكى لەززەتلىك تائاملار كۈتمەكتە ئىدى. ھاشىم ئەلىشىرنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ تۇراتتى، دەل شۇ چاغدا ئەلىشىرنىڭ ئۆزى يىغلاۋاتقان زەمىرەنى يېتىلەپ يېتىپ كەلدى. چۈنكى، زەمىرەنىڭ يەنە

بارمىقى ئاغرىپ، ئۆزى تىترەشكە ۋە كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغانىدى.

— بەختسىزلىك! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ھاشىم، نەۋرىسىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، — ۋاي جانابىي ئالىيلىرى، تېۋىپنىڭ بۇ بالىنى كۆرۈپ بېقىشىغا ئىجازەت بېرىڭ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ سۇلتان ھۇسەيىنگە، چوڭلارغا مۇراجىئەت قىلغاندەك. بىرەر بەختسىزلىك يۈز بېرىپ قالسا ئەسقاتىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن تېۋىپ قىزنىڭ قولىنى كۆردى.

— سېنى چاققان يىلاننىڭ رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟

زەمىرە ئۇنى بىلمەيتتى. قورقىنىدىن ۋە بارمىقىنىڭ ئاغرىشىدىن زەمىرەنىڭ كۆڭلى ئايىنىغانىدى. تېۋىپ ھاشىمغا ئاستاغىنە:

— كېسىش لازىمدەك قىلىدۇ... — دېدى.

— نېمە؟ بارمىقىنىمۇ؟ — دەپ ۋارقىردى ھاشىم دەھشەت بىلەن.

— ياق، ھازىرچە پەقەت بىرلا ئۇگىسىنى. ئەمما، بۇنى دەرھال قىلىش كېرەك. چوڭ پىچاقنى ئېلىپ كېلىڭ.

— ۋاي بەختسىزلىك، بەختسىزلىك! — دەپ غودۇڭشىدى ھاشىم، نەۋرىسىنى قورقۇتماسلىققا ھەرىكەت قىلىپ.

قىزغا ئەمەن ۋە ئىس پۇرىقى كېلىپ تۇرغان ئاچچىقراق دورىنى ئىچۈرۈۋىدى، ئۇ ھوشسىزلىنىپ قالدى.

ئوپېراتسىيە چاقماق تېزلىكىدە قىلىندى. زەمىرە قاتتىق بىر ۋارقىراپ يەنە ھوشىدىن كەتتى. بارماقنى چىڭ باغلاپ، قاننى توختىتىشتى - دە، يارىغا دورا رولىنى ئوينايدىغان بىر خىل ئوت - چۆپنى يېقىپ تېڭىشتى. قىز كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن بارمىقىنىڭ ئاغرىقىنى سەزمەي قالدى دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە دورا ئىچۈرۈۋىدى، ئۇ ئۇيقۇغا كەتتى. ئاستا - ئاستا قىزنىڭ قىزىتمىسى ياندى. تېۋىپ خەۋپنىڭ ئالدى ئېلىندى، ئەمما ماغدۇرىغا كەلگۈچە بىر نەچچە كۈن يېتىشى كېرەك دېگەنلەرنى ئېيتتى.

ھاشىم ئۇنى ئالدىدىكى ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتىدىغان يېزىغا ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھاشىم ئوۋچىلار ئۆتىدىغان يول ئۈستىدىكى يېزىدا زەمىرەنىڭ ئانىسى بارلىقى ئۈچۈن ئېلىۋالغانىدى. زەمىرە ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى باشقا قېرىنداشلىرىدەك يېزىدا جاپا تارتمىسۇن، دەپ ھاشىمغا بېرىۋەتكەنىدى.

يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان قارا ئاسمان چۆل ئۈستىنى خۇددى يوغان چېدىردەك قاپلاپ تۇراتتى. چىل بۆرىلەر ھۇۋلاشقا باشلىدى. بۇ نەرسە بەزىدە ئەلىشىرگە زەمىرە يىغلاۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇ زەمىرەنىڭ ھاياتىدىن خاۋاتىرلىنەتتى. «ھاشىم نېمە ئۈچۈن بالىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدىكىن!» دەپ ئويلايتتى. ئەمما، قېرى خىزمەتكارىغا بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمەيتتى. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭسىزمۇ ناھايىتى بىئارام ئىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە سۇلتان ھۇسەيىن بارغانسېرى خۇشچاقىراق بولۇپ قالدى. خىلمۇخىل تائاملاردىن كېيىن كىمدۇر بىرى ماھىرلىق بىلەن راۋاب چالدى، كېيىن نەينىڭ بۇلبۇلدەك ئاۋازى چىقتى. بۇلاردىن كېيىن تەمبۇر چېلىندى. ئۇزاق ئولتۇرۇشتىن كۆيۈشۈپ كەتكەن ئاياغلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئىزچىلار يېتىپ كېلىشىپ، جەرەنلەرنىڭ ئىزىنى بايقىغانلىقىنى، سەھەردە بىر ئاز جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ، ئوۋ قىلىشنى باشلاشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىشتى.

— مەن سۇلتان جانابىي ئالىيلىرىغا جەرەنلەرنىڭ باشلامچىسىنى ئېتىپ كېلىمەن دەپ

قەسەم ئىچكەن، بۇنى ئەلۋەتتە ئىشقا ئاشۇرىمەن! — دەپ ماختانچاقلىق بىلەن خىتاب قىلدى سۇلتان ھۇسەيىن.

ئۇ قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلاتتى، ھەتتا ۋارقىرايتتى. بۇ گۈلخان يېنىدىن ئۇ گۈلخان يېنىغا باراتتى، يىگىتلەرنىڭ چىشىغا تېگەتتى، ئۇلار بىلەن ئوقيا كۆتۈرگەن ھالدا يۈگۈرۈپ مۇسابىقە قىلاتتى. ئاخىر ئۇ ھارغىن ۋە خىيالچان ھالدا كېلىپ، گۈلخان ئوتىغا قاراپ ئولتۇرغان ئەلىشىرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— ئوت جىنلىرى ساڭا نېمىلەر ھەققىدە سۆزلەۋاتىدۇ؟ — دەپ مەسخىرە بىلەن سورىدى سۇلتان ھۇسەيىن، — بۇ يەردىكى يىلانلار ساقلاپ ياتقان خەزىنىنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكىنى سەن مەن بىلەن بىللە ئىزدەشكە ئۈنىمىدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خەزىنىگە ئىگە بولالماي قالدۇق.

— ئىككى ئىشنى بىر قېتىمدىلا قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئەلىشىر ئويغا چۆشكەن ھالدا، — بىز ئوۋ قىلىشقا چىقتۇق. خەزىنە ئىزدەش بىزنى ئەرزىمەس ئىشلارغا بەنت قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. مەن بىر شاھ توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئوقۇغان، ئۇ ئوۋ قىلىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ لەشكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپ، دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانىكەن. ئەقىل بىلەن پۇختا ئويلاپ ئىش قىلىش ئەلۋەتتە ھەۋەستىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك.

سۇلتان ھۇسەيىن شۇنداق قاقاقلاپ كۈلدىكى، بۇ يەردە نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ قىزىقىپ، بىر قانچە كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— ھېچنېمە بولغىنى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى سۇلتان ھۇسەيىن كۈلۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مېنىڭ ياش دوستۇم ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى قىممەتلىك نەسىھەتلەر بىلەن كۆممەكتە ۋە مېنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا كۆندۈرمەكتە.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالىم ئابدۇلكەرىممۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ قابىلىيىتى ۋە تالانتى ئەتراپلىق ئىدى: ئۇ شېئىر يازاتتى، ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلارنى چالالايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا يەنە ئوۋغىمۇ قىزىقاتتى. ئۇ ئوۋغا لاچىننى ئېلىپ چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۆزى بەش يۈزچە لاچىننى ئۆگەتكەنىدى. بىر چاغلاردا ئۇ ئەلىشىر بىلەن ھۇسەيىننىڭ مۇرەببىيسى ئىدى؛ ئۇ ياشلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى جان دەپ خالايتتى. مانا ھازىرمۇ ياشلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ، سالام بېرىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندا، ئۇ گىلەمگە ئولتۇردى — دە، ياشلارنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئۇ ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوۋچىلىق توغرىسىدا يېزىلغان جايلارنى ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇيتتى ۋە ئوۋچىلار ھاياتى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرنى بىلەتتى.

— بىز بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتىمىز، — دەپ سۆز باشلىدى ئابدۇلكەرىم، — ئەمما ئەتىكى بولىدىغان ھۇزۇردىن بۈگۈن ھېچكىمنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتىدۇ. كېلىڭلار ھېكايە ئېيتىپ ۋاقىتنى قىسقارتايلۇق.

ئەلىشىر جانلاندى، سۇلتان ھۇسەيىن مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى بىر تەرەپكە ئېگىشتۈردى ۋە:

— ئارىمىزدا چوڭىمىز سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز باشلاڭ، — دېدى ئابدۇلكەرىمگە مۇراجىئەت قىلىپ.

— مەن ئۇستا ئوۋچى — باتۇر جەڭچى بەھرەم شاھ توغرىسىدا سۆزلىمەكچىمەن. بۇ شاھ شۇنىڭدەك ناخشىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى ئوۋغا ۋە ناخشىغا

بېغىشلايتتى. شاھنىڭ قوللىرى ئارىسىدا ئازادە ئىسمىلىك بىر ناخشىچى ئايال بولغان، ئۇ ناخشىنى شۇنداق ياخشى ئېيتاتتىكى، ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، بۇلبۇللارمۇ ھەتتا جىم بولۇپ قالاتتى. بەھرام ئازادىدىن ئايرىلمايتتى؛ لەشكىرىي يۈرۈشلەرگە دائىم ئۇزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقاتتى. بىر كۈنى ئوۋدا شاھ ئۆزىنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىككى ئۇچلۇق بىر ئوقنى ئېتىپ، چىشى جەرەننىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى ئۈزۈپ چۈشۈردى. جەرەنمۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر بېزىكىدىن مەھرۇم بولدى. شاھ يەنە بىر چىشى جەرەننىڭ بېشىغا مۈڭگۈزگە ئوخشاش ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىككى ئوقنى سانجىدى؛ ئۈچىنچى جەرەننى بولسا پۇتۇنلەي باشقىچە ئۇسۇل بىلەن يوق قىلدى...

ئابدۇلكەرىم بىر نېمىگە قۇلاق سېلىپ، شوك تۇرۇپ قالدى؛ چىل بۆرىلەرنىڭ كىچىك بالىنىڭ يىغىسىغا ئوخشاش ھۇۋلاشلىرى ۋە ھۇقۇشلارنىڭ سايراشلىرى قەيەردىدۇر يېقىنلا بىر يەردىن ئاڭلىناقتا ئىدى.

— خوش، كېيىن نېمە بولدى؟ — دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى سۇلتان ھۇسەيىن.

— فىردەۋسىنى ئوقۇش كېرەك، — دېدى نەسىھەت قىلغان تەرىقىدە ئەلىشىر.

— توغرا، — دېدى ئابدۇلكەرىم، ئۆزىنىڭ قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا باللارغا «شاھنامە» دىن ئەنە شۇ ھېكايىنى ئوقۇپ چىقىشقا مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى ئەسلەپ، — بەلكى ئاخىرىنى سەن ئېيتىپ بەرسەن؟

گۇلخاننىڭ يورۇقىدا ئەلىشىرنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈش تەس ئىدى.

— ئېيتالايسەن، — دېدى ئۇ، ھودۇققانلىقىدىن ئاۋازىنى بوغۇق چىقىرىپ. سۇلتان ھۇسەيىن تاقەتسىزلىك بىلەن مۇرىسىنى سىلكىپ قويدى. ئەمما، جايىدىن قوزغالمىدى. ئۇ ھېكايىنىڭ داۋامىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقاتتى.

— ئۇ بىر ئوق بىلەن ئۈچىنچى جەرەننىڭ قۇلىقى بىلەن پۇتىنى بىرلەشتۈرۈپ قويدى.

— پاھ، — دەپ خىتاب قىلدى سۇلتان ھۇسەيىن ۋە، — گۈزەل ناخشىچىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ شاھنىڭ ماھارىتىنى ماختاشنىڭ ئورنىغا جەرەننىڭ ھالىغا ئېچىنغانىدى، بۇ ئەدەبسىزلىكى ئۈچۈن شاھ ئۇنى ئاتقا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

— بارىكاللا ئۇنىڭغا! ئەركەكلەرگە سۆز ياندۇرىدىغان خوتۇنلارنى شۇنداق قىلىش كېرەك! بولۇپمۇ شاھقا سۆز ياندۇرغانلارنى شۇنداق قىلىش كېرەك!

— مەن ئويلايمەنكى، — دېدى ئەلىشىر جىددىي تۇردە، — ئەگەر ئۇ ئايال ناخشىنى ياخشى ئېيتسا ۋە ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن باشقىلاردىن پەرق قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرمەي ئاسرىشى كېرەك ئىدى.

ئابدۇلكەرىم مۇنازىرىنى بۆلدى:

— بۇنداق ھېكايە نىزامىددىنمۇ بار. ئەمما، ئۇنىڭدا ناخشىچى ئايالنىڭ ئىسمى خىتنە دەپ بېرىلگەن. ئۇ شاھنىڭ ئوقيانى ئۇستىلىق بىلەن ئاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۇرمىدى، پەقەت بىرەر نېمىنى كۆپ ۋە ئۇزاق ۋاقىت مەشىق قىلىپ يۈرگەن ئادەم شۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن دەپلا قويغان... ئەمدى مەن سىلەرگە ئوۋدا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىمەن...

كېچە ئەنە شۇنداق ھېكايە ۋە كەچۈرمىشلەرنى سۆزلەش بىلەن ئۆتتى. ئاخىر ئابدۇلكەرىم ھېرىپ چېدىرغا كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ كەينىدىن ئەلىشىر بىلەن سۇلتان ھۇسەيىنمۇ ماڭدى.

ئوۋ ئىشى بارلىق قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن باشلاندى. جەرەن ئوۋلىغۇچىلارنىڭ

ئاساسي ۋەزىپىسى - جەرەنلەرگە مۇمكىن قەدەر سەزدۇرمەستىن يېقىنراق بېرىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. جەرەنلەر سەزگۈر ۋە قورققاق بولىدۇ، ئۇلار خەتەرنى سېزىش بىلەنلا قۇش ياكى قۇيۇندەكلا تېزلىكتە قېچىپ كېتىدۇ.

ئوۋچىلار جاي - جايلارغا تارقىلىپ، بىر - بىرىدىن خېلىلا يىراقتا تۇرۇشتى. ئەگەر ئۇلار ئەگرى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇلسا، توغرا دائىرە هاسىل بولاتتى. ئاۋۋال ئۇلار ئاستا مېڭىشنى، كېيىن يىراقتىكى تۆپىلىكنىڭ يانباغرىدا قارىيىپ تۇرغان بىر توپ جەرەنلەرنى كۆرۈپ قېلىپ، ناهايىتى تېزلىك بىلەن چېپىشتى.

قورقۇپ كەتكەن هايۋانلار ئىنچىكە ئاياغلىرىنى چاققان هەرىكەتلەندۈرۈپ، تاغ يولىغا چۈشۈپ قۇيۇندەك تېزلىكتە قېچىپ كېتىشتى. ئەمما، ئۇ يەردە سۇلتان هۈسەيىن ئات مىنگەن هالدا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ جەرەنلەرنىڭ ئالدىدىن كېسىپ چىقىۋېدى، جەرەنلەر يەنە چۆل تەرەپكە بورۇلۇپ قېچىشتى. بۇ يەردە ئوۋچىلار ئۇلارغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، قورشاشنى كۈچەيتىشكە باشلىدى.

ئەلىشىر ئالدىنقى سەپتىكىلەر قاتارىدا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتتا مەھكەم ئولتۇرغانلىقىنى سېزەتتى. مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالچانلىقى يوقىلىپ، بۇ خىيالچانلىق سەھەر شامىلى بىلەن تەڭ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ هالقىلىق پەيتتە هەرىكەت قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۇردى. ئۇنىڭ قولى يا بىلەن ئوقتا تازا ئادەتلەنمىگەنىدى، ئەمما ئۇهازىر بۇ نەرسىلەرنىمۇ ئۆز بەدىنىنىڭ بىرقىسمىدەك سەزمەكتە ئىدى.

ئۇدۇلىدا چېپىپ كېلىۋاتقان سۇلتان هۈسەيىننى كۆرۈپ، ئەلىشىر ئۇنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ باردى. هودۇقۇشتىن هاسىراپ كەتكەن سۇلتان هۈسەيىن ئەلىشىرگە ۋارقىرىدى:

– هالىدىن كەتكەن يىرتقۇچنى ئۆلتۈرگەننىڭ نېمە قىزىقى بار؟ ئۇنى قېچىپ كېتىشكە ئۈمىد باغلاپ، ئەركىن هالدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا ئېتىش ئەڭ ئەهمىيەتلىك هېسابلىنىدۇ. قارا، ئەلىشىر، ئاۋۇ جەرەننى كۆرۈۋاتامسەن؟ مەن ئۇنىڭ ئالدىنقى ئايغىنى ئاتىمەن.

سۇلتان هۈسەيىن قارىغا ئېلىپ، چاققانلىق بىلەن ئوقيا كىرىچىنى تارتىپ ئاتتى. ئەلىشىر هەيران قالغانلىقىدىن «ئوهو» دەۋەتتى. جەرەن بىر ئاز توختاپ قالدى - دە، كېيىن ئالدىنقى ئاياغلىرىنى ئېگىپ يىقىلىپ، ئاغرىققا چىدىماي تېپىرلاشقا باشلىدى. ئەلىشىرنىڭ بىردىنلا دوستىنىڭ چىشىغا تەگكۈسى كېلىپ قالدى. ئۇ نىزامىنىڭ «يەتتە گۈزەل» ناملىق داستانىدىكى خىتىنە دېگەندەك:

— بۇ ئېتىشتا كىشىنى هەيران قالدۇرغۇدەك هېچقانداق ئالاهىدىلىك يوق، سەن ئوقيا ئېتىشنى ناهايىتى كۆپ مەشىق قىلغان - دە، — دېدى.

سۇلتان هۈسەيىن كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئەمما، ئەلىشىر ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ پەيلىنى بىلىۋالدى. چۈنكى، هۈسەيىن هازىر كۈلۈمسىرەش بىلەن پەقەت غەزىپىنى باسقانىدى. ئەلىشىرنىشەيتان ۋەسىۋەسىگە سېلىپ، ئۇنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈردى. شۇڭا، ئەلىشىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— شاھ بەهرامنىڭ چۆلدە قىلغىنىدەك سەن مېنى تاشلاپ كەتمەيدىغانسەن؟ ...

سۇلتان هۈسەيىن ئەلىشىرگە تىكىلىپ قارىدى ۋە:

– ئەگەر ئەدەپسىزلىك قىلىۋەرسەڭ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى تاشلاپ كېتىشىممۇ مۇمكىن.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئوۋغا بېرىلىپ كېتىپ، دەرهاللا بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ باشقىلارنى كەچۈرمەيدىغان ئىشلاردىمۇ ئەلىشىرنى كۆپىنچە كەچۈرۈۋېتەتتى.

شۇ ئارىدا ئوۋچىلار بىرىنچى بولۇپ يىقىلغان ئوۋنى تەنتەنە بىلەن ئورۇۋېلىشتى. جەرەنلەر چۆلدە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ، بىر - بىرىگە يېقىنلىششقا باشلىدى، بۇ ئەهۋال ئۇلارنىڭ هالاكىتىنى تېزلەتتى.

ئاھدۇلكەرىم ئوۋنى قورشاشقا چەبدەسلىك بىلەن باشلامچىلىق قىلدى. ئۇنىڭ بوم ئاۋازى بىردەم چۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدە، بىردەم بۇ تەرىپىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

چۈش مەزگىلىدە قۇياش كۈچلۈك نۇر چاچقاندەك، ئەلشىرمۇ بۇ ئومۇمىي قىزىقىشقا بېرىلىپ كېتىپ، بارغانسېرى غەيرەتكە كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاتنى بىردەم ناھايىتى تېز چېپىپ، بىردەم توختاپ، قورشاپ تۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ جىم تۇرغىنىغا قاراپ جەرەنمۇ ئالدىنىپ توختايتتى. بىر نەچچە قېتىم مانا شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاخىر بىر جەرەننى قوغلاپ ھارغۇزدى. ئۇ ئاتىمەن دەپ ئويلاپ ئۈلگۈرگىچە يادىن ئوق چىقىپ كەتتى. جەرەن يىقىلدى. ئۇ ئۆلگەنىدى.

— سېنىڭ ئولجاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى، تۇيۇقسىزلا ئەلشىرنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان سۇلتان ھۈسەيىن.

ھالسىزلانغان جەرەنلەر ئوۋچىلار تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئورۇۋېلىنىپ، قىرىپ تاشلاندى. پەقەت بىرلا ياش چىشى جەرەن قېچىپ‌تۆپۈلۈكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېچكىم قوغلىمىدى. چۈنكى، ئوۋچىلار ئۆز ئولجىلىرىدىن مەمنۇن بولۇشقانىدى. ئەڭ ياخشى جەرەنلەرنى سۇلتان ئۈچۈن ئايرىپ قويۇشتى. سەل ناچارراق بىر نەچچىسىنى شۇ يەردىلا سويۇپ، قورۇپ يېيىشتى. ئىككىنچى كۈنى ئوۋچىلار قورساقلىرىنى ئوبدان تويغۇزۇۋېلىپ قايتىشتى. يول ئۈستىدە كېسەل زەمىرەنى قالدۇرۇپ كەتكەن يېزا بار ئىدى.

ئوۋچىلار ئاشۇ يېزىغا كېلىپ قونۇشتى. ئەلشىر ھاشىم بىلەن بىللە زەمىرەنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ خارابلىكى ئەلشىرنى ھەيران قالدۇردى. ئۆگزىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. زەمىرە كىرلىشىپ كەتكەن كېيىك تېرىسى ئۈستىدە ياتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا قېرى بىر ئايال ئولتۇرۇپ يىپ ئېشىۋاتاتتى، بۇ زەمىرەنىڭ مومىسى بولۇپ، ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئېتىزغا ئىشقا كەتكەنىدى.

زەمىرە تاتىرىپ، جۈدەپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى.

— ھىمايىچىڭ ۋە تۇتۇق ئاكاڭ ئەلشىرگە رەھمەت ئېيت، — دەپ تەنتەنە بىلەن سۆز باشلىدى ھاشىم.

ئەمما، ئەلشىر قولى بىلەن شەرەت قىلىپ، ئۇنى توختاتتى.

— زەمىرە يولۋاس سېنى كۆرگەندە ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىدىغان بولدى — دە! زەمىرەنى چاپسانراق ئېلىپ چىق ھاشىم. بۇ ھۆرمەتلىك مومايغا مەن ئاتقان جەرەننى بەر. مەن ئۇنى سۇلتانغا ئاپارماقچىدىم، لېكىن بۇنىڭسىزمۇ بىزدە ئولجا نۇرغۇن، بۇ ئۆيدىكىلەر بولسا ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە قاپتۇ.

موماي بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ رومال بىلەن يۈزىنى ئورۇۋالغانىدى. موماي ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەلشىرگە قاراپ:

— رەھمەت ساڭا ياش جاناب! خۇداغا شۈكرى، بىز ھەممىمىز ساق — سالامەت، بىر ئامال قىلىپ، ئىشلەپ يۈرۈپتۇق. بۇ يەردە نەدىمۇ كەمبەغەللىك بولسۇن؟ توغرا، ئەگەر ئۆيىمىزگە مىڭ تاش ئاتسا، ئۆگزىدە بىرىمۇ توختاپ قالماي، ئۆگزىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ھەممىسى ئۆي ئىچىگە چۈشىدۇ. لېكىن، قارىغىنا، ئۆي ئىچىدىن قۇياش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، كېچىلىرى بىزگە يۇلتۇزلار نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

ئەلشىر بەلبېغىغا ئېسىۋالغان ھەميانىنى ئاقتۇرۇپ بىر نەچچە تەڭگە تاپتى — دە:

— بۇنى ئالغىن مېھرىبان موما، — دېدى ۋە تەڭگىلەرنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا قويدى.

موماي بۇ تەڭگىلەرنى دەرھال ئېلىۋالدى.

— ۋاي، بۇ بەش تەڭگە ئىكەنغۇ! ھەر دائىم ئىشىڭ ئوڭدىن كەلسۇن ياش جاناب!

ھاشىم زەمىرەنى قولىغا ئالدى. مومىسى گويائۇنىڭدىن ئەبەدىي ئايرىلىۋاتقاندەك

ھەممىسى ئۆي ئىچىگە چۈشىدۇ. لېكىن، قارىغىنا، ئۆي ئىچىدىن قۇياش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، كېچىلىرى بىزگە يۇلتۇزلار نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

ئەلىشىر بەلبېغىغا ئېسىۋالغان ھەميانىنى ئاقتۇرۇپ بىر نەچچە تەڭگە تاپتى - دە:

— بۇنى ئالغىن مېھرىبان موما، - دېدى ۋە تەڭگىلەرنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا قويدى.

موماي بۇ تەڭگىلەرنى دەرھال ئېلىۋالدى.

— ۋاي، بۇ بەش تەڭگە ئىكەنغۇ! ھەر دائىم ئىشىڭ ئوڭدىن كەلسۇن ياش جاناب!

ھاشىم زەمىرەنى قولىغا ئالدى. موممىسى گويائۇنىڭدىن ئەبەدىي ئايرىلىۋاتقاندەك قوشاقېتىپ يىغلىدى. قىزمۇ يەنە ئۆز ئۆيىنى ئۇزاق ۋاقىتقىچە تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۇمۇ يىغلىدى.

كوچىلاردا ئوۋچىلارنى ئاچ - يالىڭاچ بالىلار ئورىۋېلىشتى ۋە كېتىۋاتقان زەمىرەگە ھەۋەسبىلەن قاراپ قېلىشتى. ئەلىشىر يېنىدا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ بالىلارغا بېرىۋەتتى. يېزىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولۇۋاتقان خاراب ئۆيلەرگە ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىدى، ئاچ - يالىڭاچ بالىلار خەير - سەدىقە تىلەپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرگىچە يۈگۈرۈپ بېرىشتى.

## مۇھىم ئۇچرىشىش

ھىراتنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا بىلەن تۇتىشىدىغان يەردىكى بىر كىچىك ئۆيدە ئاتاقلىق شائىر لۇتفى ياشايتتى.

90 ياشقا كىرگەن بۇ بوۋاي ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق ھايات مۇساپىسىدە تەقدىرنىڭ تۇرلۇك - تۇمەن پالاكەتلىرىنى كۆرگەن، تېمۇرنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن زالىملىقىنى، شۇنىڭدەك ھەر خىل شاھ ۋە ئەمىرلەرنىڭ تەختكە چىقىش ھەم تەختتىن چۈشۈشلىرىنى كۆرگەن، ھۆكۈمرانلارنىڭ مەككارلىقلىرىنى كۆزەتكەنىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي ئۆيىدە تىنچ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلاش ئۈچۈن ساراي ھاياتىنىڭ مەنىسىز ئاۋارىگەرچىلىكىدىن چەتلەشكەنىدى. بۇ شائىر مەشھۇر تارىخچى شەرەپىددىن ئەلى يەزدى تەرىپىدىن يېزىلغان تېمۇرنىڭ مەشھۇر تەرجىمھالىنى ھالىنى شېئىر بىلەن يېزىشقا كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغانىدى.

بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر غەزەللىرى بىلەن نام چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ غەزەللىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تۇراتتى. ئەلىشىر بۇ غەزەللەرنىڭ نۇرغۇنىنى يادقا بىلەتتى. لۇتفىنىڭ سەنئەتكارلىقىغا زوقلانغان ئەلىشىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى دائىم ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى.

ئەلىشىرنىڭ شېئىر يېزىشتىكى ئىستىداتى ھىراتتىكىلەرنىڭ كۆپىگە مەلۇم بولۇپ، ئۇنىڭ نامىنى لوتفىمۇ ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېگانە ياشاۋاتقانلىقىغا قارىماي، پات - پات سۇلتاننىڭ سارىيىغا كېلىپ تۇراتتى، سارايدىكىلەر ئۇنى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت بىلەنقارشى ئېلىشاتتى.

بۇ قېتىم ئۇنىڭ سارايغا كېلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى ياش شائىرنى كۆرۈش ئىدى.

ئەلىشىر بۇ مەشھۇر بوۋاي بىلەن سالاملىشىپ تۇرۇپ ھاياجانلانغانلىقىدىن قىزىرىپ كەتتى. بوۋاي ئەلىشىرگە دىققەت بىلەن قاراپ قويدى - دە:

— مەن سېنىڭ شېئىر يازىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، بىرەر شېئىرىڭنى ئوقۇپ

پەرگىنە، - دېدى.

ئەلىشىر يەنىمۇ قىزىرىپ كەتتى ۋە ياشلارغا خاس نازۇك ئاۋازى بىلەن مۇھەببەت تۇغۇرىسىدىكى غەزىلىنى ئوقۇپ بەردى. غەزەلدىكى ئوخشىتىشلار ۋە ئوبرازلار شۇنچىلىك يېڭى، قاپىيىلەر شۇنچىلىك ئاھاڭلىق ئىدىكى، بۇنى ئاڭلاپ لۇتفىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ بېشىنى غەزەلنىڭ ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ لىڭشىتىپ ئولتۇرۇپ، كېيىن بالىنى قۇچاقلىدى - دە، ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئەزبىرايى خۇدا، ئەگەر مەن بۇ غەزەلگە ئون مىڭلاپ پارسچە ۋە ئەرەبچە شېئىرلىرىمنى تېگىشىۋەتكەن بولاتتىم. مانا شۇنداق قىلالىسام، بۇ ئىشنى ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىش دەپ ھېسابلايتتىم! سېنىڭ ئۆز ئانا تىلىڭدا يېزىشىڭ نېمە دېگەن ياخشى! مەن تۈركىي تىلدا شېئىر يازغانلىقىم ئۈچۈن نۇرغۇن كەمسىتىشلەرگە ۋە سەرسانلىقلارغا يولۇقتۇم. باشقىلار مېنىڭ ئۈستۈمدىن كۈلۈشتى. مېنى ئاۋام خەلق تىلىدا يازىدۇ دەپ مەسخىرە قىلىشتى. ئەمما، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسۇسلانمايمەن. بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى پەخرىمىز خارەزمى ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان ئەسەرلىرى بىلەن نام چىقارغان. مەن قولۇمدىن كەلگىنىچە ئىجاد قىلدىم، ئەمدى بۇ ئىشنى سەن داۋاملاشتۇرىسەن، مانا شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەر!

ئەلىشىر ئۈنچىقماي ۋە چىن يۈرەكتىن لۇتفىنىڭ قولىغا بېشىنى قويدى. لۇتفى بالىنى ئوغلىدەك قۇچاقلىدى. بۇ قېرى شائىر بىلەن بولغان ئۇچرىشىش ئەلىشىرنىڭ قەلبى ۋە پىكرىدە ئەبەدىي ئىز قالدۇردى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئانا تىلىدا شېئىر يېزىش ئۈستىدە پات - پات ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئېھتىمال مەن ئەنە شۇ ئانا تىلىدا شېئىر يازغۇچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالارمەن، دەپ ئويلىغىنىدا ھاياجانلىناتتى ۋە تېخىمۇ كۆپرەك يازغۇسى كېلىپ كېتەتتى.

ئەنە شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئەلىشىرگە لۇتفىنى تىرىك كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. بوۋاينىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ باردى.

سارايغا بېرىپ قايتقاندىن كېيىن لۇتفى ئۇزاق ئۆتمەي ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئۇ ھەتتا ئۆلۈش ئالدىدا يېتىپمۇ ئىجاد قىلىشنى توختاتمىدى. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ، شاگىرتلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا قەلەم بىلەن قەغەز سوراپ، دەرمانسىزلىنىپ كېتىۋاتقان قوللىرى بىلەن غەزەل يازغان. دەسلەپكى ئىككى مىسرانى يېزىپ بولۇپلا قەلەمنى قولىدىن چۈشۈرۈۋەتكەن ۋە لەۋلىرى تىترەپ كەتكەن. ئۇ كىمنىدۇر بىرسىنى ئۆزىگە يېقىن كېلىپ ئېڭىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى، شاگىرتلىرىدىن بىرسى ئېڭىشىپ قۇلىقىنى جان ئۈزۈۋاتقان لۇتفىنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ ئۇنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— كۆزلەردىن يورۇقلۇق ئۆچمەكتە. ئۆلۈم قاراڭغۇلۇقى بېسىپ كەلمەكتە. مېنىڭ چالا قالغان بۇ غەزىلىمنى جامى[1] ئاياغلاشتۇرسۇن ... ۋە ئۆزىنىڭ دىۋانىغا قوشۇپقويسۇن

لۇتفىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان دوستى، ئاشۇ دەۋردە نامى چىققان شائىر ئابدۇراخمان جامى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىككى مىسرا شېئىر يېزىلغان قەغەزنى ئالدى - دە، سەكراتتا ياتقان لۇتفىنىڭ بېشىغا ئېڭىشىپ، ھاياجان بىلەن:

— مۇقەددەس ئادەمنىڭ ھەم ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆتۈنۈشى ئۇنىڭ دوستلىرى ئۈچۈن قانۇن. ھەممىسى تامامەن ئورۇندىلىدۇ، - دېدى.

لۇتفى تىنچ ۋە ئاغرىماي جان بەردى. گويا ئۇ شۇ تاپتا ئۇيقۇغا كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

---

① جامى - (1414 - 1492) مەشھۇر تاجىك - پارس شائىرى.

شائىرنىڭ دوستلىرى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى باغقا كۆمۈپ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى بەجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە قىزىل گۈل كۆچىتىنى تىكىپ قويۇشتى. كېيىن بۇ گۈللەرگە بۇلبۇل قونۇپ مۇھەببەت ئىشقىدا سايراپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئارقىلىق بۇ قەبرىدە ياتقان ئادەمنىڭ شېرىن تىللىق غەزەللىرىنى ئەسكە سالاتتى.

*　　*　　*

كۈزدە سۇلتان ئۇبۇلقاسىم بابۇر ئۆزىنىڭ سارىيىدىكىلەرگە ۋاقىتىنچە مەشھەتكە يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. چۈنكى، ئۇ جىمجىتلىقنى خالاپ قالغانىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە مەملىكەت ئىچىدە تىنچلىق باشلانغان بولۇپ، بابۇر ئابۇسەيىت بىلەن يارىشىپ قالغانىدى، ھەتتا سەمەرقەنتتىن ئۇلۇغبەگنىڭ ئاسترونومىيىگە ئائىت جەدۋەللىرىنى بابۇرغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

بابۇرنى مەشھەتكە ئۇزىتىپ بارىدىغان يېقىن ئادەملەر ئارىسىدا ئەلىشىر بىلەن ھۈسەيىنمۇ بار ئىدى. ئەلىشىر مەشھەتكە كەلگەندىن كېيىن ئوقۇشقا قاتتىق كىرىشتى. بولۇپمۇ ئۇنى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل ناھايىتى قىزىقتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسمان ئۆز دىدارىنى ئاچتى، ئەلىشىر ئۇنى ئوقۇشنى ئۆگەندى ۋە بۇ پەننى ئەبەدىي ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ھۈسەيىن بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرمىگەندەك يۈرەتتى. ھۈسەيىننى سارايىنىڭ ئويۇن - كۈلكىلىرى قىزىقتۇراتتى، ئەلىشىر بولسا ئاساسەن ئوقۇيتتى ۋە يازاتتى.

دوستلارنى يەنە مۇھىم بىر ۋەقە يېقىنلاشتۇردى. ئۇبۇلقاسىم بابۇر بەزگەك كېسىلى بىلەن قاتتىق ئاغرىپ قالدى ۋە بۇ كېسەل سەۋەبىدىن خۇراسان ھاكىمى ۋاپات بولدى.

ساراي ئەھلى پايپېتەك بولۇپ قالدى. سۇلتاننىڭ يېقىن كىشىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئورنىنى باسقۇدەك ھېچكىم يوق ئىدى. جېدەللەر ۋە دۈشمەنلىك قىلىشلار باشلىنىپ، دۆلەتنىڭ يەنە پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ قالغانىدى...

بابۇرنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئەلىشىر بىلەن ھۈسەيىن ئىككىسى يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىكى ھەر بىر سۆز ئۇلارنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورۇنلاشتى.

— سەن مەشھەتتىن كېتىشكە قەتئىي قارار قىلدىڭمۇ؟

— ھە! بۇ يەردە مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم يوق.

— سەن شۇنداق دەيسەن ئەلۋەتتە ... سەن ...

— ھە، سەن ئوقۇشۇڭ، پىكىر يۈرگۈزۈشۈڭ، كۈتۈشۈڭ مۇمكىن، مەن بولسام ھەرىكەت قىلىشىم كېرەك!

شام لىپىلداپ بالىلارنىڭ يۈزىنى يورۇتاتتى، ھۈسەيىننىڭ نەشتەردەك كۆزلىرى ئەلىشىرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ قالاتتى. بالىلار تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئىسسىق قاتلىمىلار سوۋۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇلار تاماققا قول تەگكۈزۈشمەيتتى. ئەمما، ھۈسەيىن ئىچىگە مەي قويۇلغان جامغا پات - پات لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ قوياتتى.

— سەن قاياققا يول تۇتماقچى ۋە كىم بىلەن بارىسەن؟

— يادىڭدىمۇ، مەشھەتكە ماڭغىنىمىزدا بىز جامىدا توختىغانىدۇق. بۇ شەھەر مەن ۋە ماكان بىلەن قوشۇپ مىرزا سەنجەرگە بېرىلگەنىدى... قالغان ئىشنى كېيىن بىلىپ قالىسەن... دەپ گېپىنى توختاتتى ھۈسەيىن...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر قىزى نازۇگۇم توغرىسىدا

ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى

ھازىرغا قەدەر يېزىلغان بەدىئىي ئەسەر ۋە تەتقىقاتلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قىزى نازۇگۇمنىڭ ئىسمى «نوزۇگۇم»، «نۇزۇگۇم» ياكى «نازۇگۇم» دەپ ھەر خىل يېزىلىپ كەلدى. داستاننىڭ تۇنجى ھۆرمەتلىك ئاپتورى مۇللا بىلال بولسا ئەينى ۋاقىتتا ئۆز قولىيازمىلىرىدا «نوزۇگۇم» دەپ ئالغانىدى. بىراق، كېيىنكى ئاپتورلىرىمىز ھازىرغا قەدەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلماي، مەتبۇئاتلاردا يەنىلا «نوزۇگۇم» ياكى «نۇزۇگۇم» بويىچە ئېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىسىم «نازۇك» دېگەن سۈپەتتىن ياسالغان، «نازۇك» دېگەن بۇ ياسالما سۈپەت «ناز» دېگەن ئىسىم ياكى پېئىلدىن تۈزۈلگەن ①. شۇڭا، سۆز تومۇرىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا «نازۇگۇم» دەپ يېزىش ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

تالانتلىق شائىر مولla بىلال نازىم (1825 ـ 1900) تەرىپىدىن 1882 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يېزىلغان «نازۇگۇم» داستانى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئۇيغۇر ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن تونۇلغان شائىرە نازۇگۇم (1800 ـ 1830) نازىم قەلىمىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بەدىئىي ئەدەبىياتتا قەھرىمان ئاياللارنىڭ تىپىك ئوبرازى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. داستاندا نازۇگۇم تەقدىرىنىڭ تراگېدىيىسىگە سەۋەب بولغان ۋەقەلىك مۇنداق بايان تاپىدۇ:

«داۋاڭ خان خان بولۇپ ئالتە يىل بولغاندا جاھانگىر غوجام قەشقەرگە كېلىپ، سوقۇشۇپ، قەشقەرنى ئۆزىگە تابىئە قىلىپ، ئالتە ئاي سورىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىن چىنگونىكى دېگەن جاڭجۇن نۇرغۇن لەشكەر ئېلىپ قەشقەرگە كەلگەن. بەي خوز ياڭ دارىن دېگەن جاڭجۇنلەر بىر بولۇپ، جاھانگىر غوجام بىلەن سوقۇشۇپ، جاھانگىر غوجامنى تۇتۇپ، داۋاڭ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىپ، قەشقەردىكى ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلىرىنى غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، ھەر بىر خوتۇننى بىر قالماققا خوتۇن قىلسۇن دەپ تۇتۇپ بەرگەن. ئەمما، نازۇگۇم دېگەن خوتۇننى ئاكىسى بىلەن بىر قالماققا بەرگەنىكەن» ②.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1827 ـ يىلدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ئاپپاق غوجا ئەۋلادىدىن بولغان جاھانگىر غوجام 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ، مەنچىڭ چېرىكلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ قەشقەرنى ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولىدۇ. جاھانگىر غوجام قولغا چۈشكەندىن كېيىن، بېيجىڭغا خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ قەتل قىلىنىدۇ. تەتقىقاتچى شېرىپىدىن ئۆمەر بۇ توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «مەنچىڭ چېرىكلىرى قوزغىلاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، بۇ قوزغىلاڭغا قايمۇقۇپ قاتناشقان خەلق ئۈستىدىن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، 12 مىڭ تۇتقۇننى ئىلى جاڭجۇننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يانچى قىلىپ ئىلىغا كۆچۈرىدۇ. بۇ جەنۇب ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1767 ـ يىلدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىم سۈرگۈن قىلىنىشى

ئىدى. مانا شۇ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان 12 مىڭ تۇتقۇن ئىچىدە بۇ قوزغىلاڭغا بىۋاسىتە قاتناشقان قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى نازۇگۇم بىلەن ئاكىسى ئابدۇللا غوجىمۇ بار ئىدى. بۇ سۈرگۈن مۇساپىرلىرى چوڭخۇلتوزغا كەلگەندە نازۇگۇم بىلەن ئاكىسى ئابدۇللا غوجا بىر موڭغۇل ئاقساقىلىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ.»

بەختسىز قىز ــ ئاياللارنىڭ قاتارىدا ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان نازۇگۇم مانجۇلارنىڭ «ھەر بىر ئۇيغۇر ئايالى بىر قالماققا خوتۇن قىلىنسۇن» دېگەن پەرمانىدىن دىلى جاراھەتلىنىپ، ھەسرەت بىلەن قوشاق توقۇيدۇ.

تۈگمىلەر ئاغزى قامغاقتا،
بىر ئاكام بار قالماقتا.
كاپىر قالماقنىڭ قەستى،
مەن نازۇكنى ئالماقتا.

ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، ئاتىسىنىڭ مېھىر ــ مۇھەببىتى بىلەن ئۆسكەن نازۇگۇمنىڭ 3 ياشلىق ئوغلىنىڭ «چەنپەن» [4] تەرىپىدىن ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى، قەدىردان ئاتىسى، ئىللىق ئائىلىسى، ئەزىز يۇرتىدىن ئايرىلىپ سۈرگۈن، خورلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈشى ئۇنىڭدا زالىملارغا بولغان ئۆچمەنلىكنى قوزغايدۇ.

ئەسەردە نازۇگۇم چوڭخۇلتوزدا ئاكىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئاكىسى ئۇنى قېچىشقا دەۋەت قىلغاندا ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قېچىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نازۇگۇم روھى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، بىر ئومۇميۈزلۈك ئاڭغا ــ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتقا ئايلىنىدۇ. ئۇ ئاكىسى ئابدۇللا غوجا بىلەن پىكىردە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، غولجا تەرەپكە قېچىپ، ئىلى دەرياسى بويىدىكى قومۇشلۇققا كېلىدۇ. ئۇ بۇ سەپەردە موڭغۇلنىڭ پاش قىلىشى بىلەن بوتى زەڭگى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈپ، موڭغۇل ئەمەلدارى شىدالويىغا قول بولۇش بىلەن ئەسەر ۋەقەلىكى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئەرك قىزى نازۇگۇمنىڭ ئازادلىق ــ ھۆرلۈك يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىدىغان جەڭگىۋار ئىرادىسىنى كۆرىمىز. شى دالويى تەرىپىدىن سولانغا [5]، سېتىلىپ، خوتۇن قىلىنىش خەۋپىدە تۇرغان قەھرىمان ئازادلىق جەڭچىسى نازۇگۇم توي كېچىسى جاڭجۇننىڭ بۇ غالچىسىنى بوغۇزلاپ تاشلايدۇ. بۇ تەپسىلات ئىسيانكار قىزنىڭ خەلق دۈشمەنلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرەلەيدىغان، زۇلۇم ھامىيلىرىغا چىش ــ تىرنىقى بىلەن قارشى قەيسەر ئىرادىلىك، ئۆز ئىنسانىي قىممىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىپپەت ــ نومۇسلۇق، ئەخلاقىي پەزىلەتكە باي، خورلۇق ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر دەلىللەيدۇ.

خۇدا بەرگەن غۇنچەمنى   ئالمۇتۇ بولدى جايىم،
سولان كاپىر ئۆزىمدى.   بۆرە ــ تۈلكە ھەمراھىم.
سولان كاپىر ئۆيىگە   خۇدانىڭ ھۆكمى بىلەن،
نازۇك جۇۋان توزىمدى.   جاڭگال بولدى ماكانىم.

نازۇگۇم ئىككىنچى قېتىم قاچقاندا، قوغلاپ چىققان 20 ـ 30 يايى ئالتە ئاي ھەرەج تارتىپ، ئۇنى تۇتۇپ دۆلەت يامۇل ®تۈرمىسىگە سولايدۇ.

قۇللۇق تۈرمۇشنى خالىماسلىق، ئازادلىق ـ ئەركىنلىكتە ياشاش نازۇگۇم خاراكتېرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇنىڭ قارشىلىقى يالغۇز ئىدىيە جەھەتتىكى قارشىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشكەن ھايات ـ مامات ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق. دۈشمەننى ئۆزلۈ ـ كېسىل گۇمران قىلىشقا ئاتلانغان قەيسەر ئىرادىلىك بۇ ئەرك قىزى مېڭىشقا يول تاپالماي قالغان چاغدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق، قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ھاياتلىقنى ئەلا بىلىپ، ئۆز ھاياتىنى ئاخىرقى نەپىسىگىچە ساقلاشقا تىرىشىپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. مانا بۇ نازۇگۇم روھىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى. تارىختىكى ئايال قەھرىمانلىرىمىزدىن پەرقلىنىدىغان ئېسىل خىسلىتى.

نازۇگۇم ئۆزۈن ۋاقىت يالغۇز كۈرەش قىلىپ، قايتا دۈشمەن قولىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۆز ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى توغرىسىدا موللا بىلالنىڭ «ئەل قىسسە بۇ نازۇگۇم ئۆزى موللا ئىكەن» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئۇنىڭ ساۋاتلىق، ئوقۇغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇكى، يالغۇز كۈرەش قىلغاندا، بارچە ئەلنى قوزغىمىغاندا، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈستىدىن غالىب كېلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئاخىرى ئاشكارا بولدۇم،
يوشۇرۇنغىلى يەر بارمۇ؟
ماڭا قاتتىق كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

نازۇگۇم شىر يۈرەك، مەرد يىگىتلەرنىڭ كېلىپ، ئۆزىگە يار ـ يۆلەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان.

ھېچ كىشى مەندەك بولمىسۇن،
بالالاغا قالمىسۇن.
بىزگە چۈشكەن جاپالار،
ھېچ بەندىگە چۈشمىسۇن.

نازۇگۇم ھەسرەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ناخشىسىدا بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ، زۇلۇم ۋە كەمسىتىشلەرگە ئۇچراپ، ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئالالماي ئۆتكەن ھايات خاتىرىسىنى ۋاراقلاش ئارقىلىق بۇ خىل تارىخقا قەتئىي خاتىمە بېرىش كېرەك، دەيدۇ.

يەتتە بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بۇ داستاندا، نازۇگۇمنىڭ قەتل قىلىنىش جەريانى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«جاڭجۇن خانغا ئەۋەتكەن خەت 41 كۈندە يېتىپ بېرىپ، خاندىن ھەم 41 كۈندە جاۋاب خەت كېلىدۇركى (بۇ خەت كېچە بارسا كۈندۈزگە قويماي ئۆلتۈرۈلسۇن، ئەگەر كۈندۈزى بارسا كېچىگە قويماي ئۆلتۈرۈلسۇن)، دەپ خانغا بارغان خەتنىڭ جاۋابى 82 كۈنگە كەلگەن

كۈنى نازۇگۇمنى يامۇلدىن ئېلىپ چىقىپ، هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، مويتۇغزىنغا ئېلىپ بارىدۇ. خالايىقلار، سانجاق ـ سانجاق بولۇپ، مويتۇغزىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان. نازۇگۇمنى هارۋىدىن چۈشۈرۈپ، قىبلىگە ئولتۇرغۇزىدۇ. بىر جاللات نازۇگۇمنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلگەن بولۇپ تۇرغاندا، يەنە بىر جاللات ئارقىسىدىن كېلىپ چاپقان، نازۇگۇمنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ.

2000چە تۇڭگانلار بار ئىدى. بېشىنى ئېلىپ، تەنگە تىكىپ، نامىزىنى ئوقۇپ، دەپنە قىلىپ، خەتمە قۇرئان ئوقۇپ يانىدۇ»[7].

«مەنچىڭ ئىستىبدات نازۇگۇمنىڭ جەسىتىنى ئۇيغۇرلارغا بېرىشتىن قورقۇپ، ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىك هېسابلىغان تۇڭگانلارنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كىرگەنىدى»[8]،

نازۇگۇم تراگېدىيىسى ئارقىلىق شائىر مۇستەملىكىچىلەردىن رەهىم كۈتۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئالاهىدە تەكىتلىدى. پەقەت مۇستەهكەم بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق بىلەن تەڭ قوزغىلىپ، قولغا قورال ئېلىش كېرەك. ۋەتەننى باشقىلار ئازاد قىلىپ بەرمەيدۇ، ئالدى بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىش لازىم. ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆز نامىغا لايىق ئېسىل خىسلەتلەر بىلەن كۈرەشنى نازۇگۇمغا ئوخشاش ئاخىرقى تىنىقلارغىچە داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈر. بولمىسا، نازۇگۇمدەك ئازادلىق جەڭچىسىنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمايدۇ؟!

شائىر بىلال نازىم ئەلەم ۋە ئىپتىخار بىلەن نازۇگۇم روهىنى ئۇلۇغلاپ، داستانىنىڭ خاتىمىسىنى مۇنداق چۈشۈرىدۇ:

ئەنگدەك بولسا خاتۇن سالىهى پاك،
مانجۇرلەر زۇلمى ئاڭا نەدۇر پاك[9].
مۇنگدەك بولسا خاتۇنلەر فەئالى،
تاپار جەننەت بۇ زەنلەردە كامالى.

نازۇگۇم روهىغە هەق رەهمەت ئەتسۇن،
شەهىد ئالى مەقامى ئۆزرە يەتسۇن.

شائىر بۇ شېئىرى ئارقىلىق ئۆز قەهرىمانىنىڭ غەيرىتىنى، قەتئىيلىكىنى هۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باها بەردى. شائىر باشقىلارنىمۇ مانا شۇ نازۇگۇمغا ئوخشاش كۈرەش قىلىشقا چاقىردى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇمسىز ئىرادىلىك كۈرەشكۈچىلەرنىڭ سېپى تېخىمۇ كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلدى.

ئۇنداقتا، نازۇگۇم روهىنىڭ بىزنى هاياجانغا سالىدىغان يېرى قەيەردە؟ ئۇنى جەڭلەردە پىداكارلىق كۆرسىتىشكە باشلىغان كۈچ نەدىن كەلگەن؟ ئۇ مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن، چېنىققان جەڭچىمىدى؟

كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك هېسسىيات، مىللىي غورۇر، يالغۇز ئۆزى ئېلىنى لەرزىگە سېلىپ، هۆكۈمرانلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە، بۆرە ـ تۈلكىلەرگە هەمراھ بولۇپ، ئاچارچىلىقتا يۈرۈشكە، ئالتە ئاي قومۇشلۇقنى، ئۈچ ئاي تاغ ـ ئۆڭكۈرلەرنى ماكان ئېتىشقا ئۈگەتتى. ئۇ كۈرەش قوينىدا يېتىلدى. ئىسلامىيەتتىن بۇيان ئىجاد سەهنىسىدە ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق ـ مۇهەببەتنىلا كۆرۈپ تويۇنۇپ كېلىۋاتقان تارىخ نومۇسنى ئۆز ئېپپىتى بىلەن قوغدايدىغان يېڭى، بۈيۈك قامەتنى كۈتۈۋالدى.

شائىر «قارا كۆز، بوغداي ئۆڭلۈك، نازۇك بەدەن» نازۇگۇمنى باشتىن ئاخىر قىزغىن مۇھەببەت بىلەن تەرىپلەيدۇ. ئۇنىڭ روھىغا سىڭگىنىدۇ. ئەمما، غايىۋى ئارزۇسىغا تايىنىپ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاپتور ئۆز قەلىمىدە نازۇگۇم ئوبرازىنى غايىۋى تۈسكە كىرگۈزۈپ قويسا قويدىكى، نازىم قەلىمىدىكى نازۇگۇم يارقىن سىيما بولۇشى بىلەن رېئاللىقنىڭ ئىناۋەتلىك ئىسپاتىدۇر. شائىر ئىجادىيىتىدىكى نازۇگۇم يەنىلا ئاڭ - ئىدىيە جەھەتتە يېتىلگەن مۇكەممەل نازۇگۇم ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىدىن ئىلغار، ئۈستۈن كۈچ تەرىپىدىن تۇغرىلىق تېپىپ، ھەق يولىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن قۇربان بەردى.

مۇستەبىت دىنىي قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغا 19 - ئەسىرگە نىسبەتەن بىللال نازىمنىڭ «قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلگىسى، ئۇنىڭدىن جەننەتمۇ كامال تاپىدۇ» دەپ سۈپەتلىشى ۋە ئومۇمىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئاياللا ئوبرازىغا ئىزچىل ئەستايىدىل قارىشى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىشى دىققەتكە سازاۋەردۇر. بولۇپمۇ شائىرنىڭ مۇھەببەتنى، گۈزەللىكنى تەڭرىدىن ئەمەس، بەلكى ئىشق - پىراق، يار ۋەسلىدىن ئىزدىشى دىنىي ئوبرازلار بەدىئىي زوقلىنىش سەھنىسىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويغان دەۋر ئۈچۈن يۈزدە يۈز يېڭىلىق ئىدى.

شائىرنىڭ مەقسىتى كېلەچەكتە خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلالايدىغان ئادەم تەربىيىلەش بولۇپ، بۇ خىل ئېستېتىك غايە ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سىياسىي قارىشىدىن تۇغۇلغانىدى. شائىر بۇ ئېستېتىك غايىسىنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدا چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ تېخىمۇ كېڭەيىشىنى نىيەت قىلاتتى. ئۇ باشقا قىز - ئاياللارنىڭ نازۇگۇم روھىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ، ئازادلىق - ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەشكە ھەر دائىم تەييار بولۇشىنى ئىستەيدۇ. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك قىزى نازۇگۇمغا ئوخشاش ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالايدىغان يەنە نۇرغۇنلىغان «نازۇگۇم» لارنى كۆرەشكە چىللايدۇ. ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى بۇ چاقىرىق ئالدىدا ئويلانماي تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئېپىك بايان شائىر ئىجادىيىتىدىكى ھەم تارىخىي رېئاللىق، ھەم بايان قىلىش يولى بىلەن ئەنئەنىۋى داستانچىلىقىمىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى تىپىك ئۆلگىسىدۇر. داستاننىڭ نەزمە قىسمى نەسرى قىسمىنى زورۇر شەرھلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. داستاننى راۋان تىلى، ماتېرىيال قىممىتى، ئىپادىلەش خاسلىقى بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى خەلق داستانلىرى بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇشقا تېگىشلىك بولسا، بۇ ئەسەر داستانچىلىق ئەنئەنىمىزنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۆزگىچە سەۋىيىگە كۆتۈرگەن.

ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىنى قانداقتۇر رىۋايەت، ھېكايەت بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. بەلكى، داستاننى نەسرىي ژانىرلارنىڭ تەزكىرە تۈرىدىكى ئىجادىيەت دەپ يۇقىرى باھا بېرىشكە بولىدۇ.

---

① «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 5 - توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 337 - بەت.
② ن. ن. پانتۇسوۋ نەشرگە تەييارلىغان بىللال نازىمنىڭ «نازۇگۇم» داستانىنىڭ قولىيازمىسى، 1909 - يىل.
④ چەنپەن - مانجۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئالغان قورچاق ئەسكەرلىرىنىڭ نامى.
⑤ سولان - داغۇر مىللىتى.
⑥ دۆڭ يامۇل - غۇلجىدىكى تۆپىدەڭ مەھەللىسىگە جايلاشقان.
⑦ ن. ن. پانتۇسوۋ نەشرگە تەييارلىغان بىللال نازىمنىڭ «نازۇگۇم» داستانىنىڭ قولىيازمىسى، 1909 - يىل.
⑧ ساۋۇت موللائۇدۇۋ، «بىللال نازىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى»، 1976 - يىل ئالمۇتا نەشرى.
⑨ باك - قورقۇنچ، خەۋپ.

# مىللەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسى بالىلىق دەۋردىن باشلىنىدۇ

## «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە بىر نەزەر

ئايگۈل ئابدۇرېھىم

### 1

تۈركىيە ئالىمى ئا. دىل ئاچار: «قۇتادغۇبىلىك» پارلىداپ تۇرغان كوچىلار بىلەن تولغان شەھەردۇركى كۆرگەنلەرنىڭ كۆزى قامىشىدۇ، ھەممە كوچىلارنى تاماشا قىلىپ چىقىش تېخى ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولغىنى يوق. ھەركىم ئۆزى كۆرگەن كوچىسىنى تەرىپلەۋاتىدۇ [1] دېگەنىدى. مەنمۇ گۈزەل كاتتا شەھەرنىڭ بىر كوچىسىنى زىيارەت قىلدىم. بۇ دەل بالىلار مائارىپى كوچىسى بولۇپ، بۇ كوچىغا بالىلار توغرىسىدىكى دۇردانىلەر مۇجەسسەملەشكەن. مەنمۇ مۇشۇ كوچىدا كۆرگەنلىرىم ئاساسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بۇنىڭدىن 930 يىل بۇرۇن، يەنى 1069 ـ 1070 ـ يىللاردىكى ئىسلام مەدەنىيىتى مۇھىتىدا يارىتىلغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى ئىلمىي ئىقتىدارى، پەلسەپىۋى كۆز قارىشى، سەنئەت شىجائىتى ۋە بەدىئىي تالانتى مۇجەسسەملەنگەن بەدىئىي قامۇس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىرىدە تارىخ، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، تىل ـ ئەدەبىيات، دىنىي ئېتىقاد، قانۇن قاتارلىق ساھەلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەندىن باشقا، بالىلار تەربىيىسى مەسىلىسى ھەققىدىمۇ ناھايىتى مۇپەسسەل ئىلمىي ۋە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان بالىلار تەربىيىسى ئىدىيىسى ئۇنىڭ ئائىلە تەربىيىسى توغرىسىدىكى قىممەتلىك چۈشەنچىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭ قارىشىچە ئائىلە تەربىيىسى پۈتكۈل بالىلار تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ، ئادەملەرنىڭ تەربىيىلىنىپ يارامىلىق ماتېرىيالغا ئايلىنىشىنىڭ دەسلەپكى ۋە تەبىئىي ئاساسىدىن ئىبارەت.

ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالساق، ئىنسانلار ياۋايىلىقتىن مەدەنىيلىككە يۈزلەنگەندىن كېيىن، تەلىم ـ تەربىيىگە، بولۇپمۇ تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، لېكىن ھۆل سېلىش خاراكتېرلىك باسقۇچى بولغان ئائىلە تەربىيىسى مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئىلگىرىمۇ ئائىلە تەربىيىسى مەسىلىسى پۈتكۈل مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغانىدى. بۇ مەسىلە يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ تەكىتلىنىپ كېلىندى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئائىلە تەربىيىسى مەسىلىسى يەنىلا پۈتكۈل تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ كۈن تەرتىپىدىكى

مۇھىم ئىش، دەپ قارالماقتا.

ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مىللەت بولۇپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە مەدەنىيەت تارىخى جەھەتتە مۇئەللىملىك رولىنى ئويناپ كەلگەن. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى ۋە پېداگوگىكىلىرىنىڭ قارىشىچە مەدەنىيەتلىك ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىر چوڭ ئۆلچىمى ۋە شەرتى ئەدەپ - ئەخلاقتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلقى قائىدە - يوسۇنلۇق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئەقىل - پاراسەتلىك مىللەت بولغاچقا، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە، ئوخشاش بولمىغان ئائىلىلەردە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە ئۇمىدلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. «ئائىلە تەربىيىسى ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان تەربىيە، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۇجەيرىسى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا تارقالغان. ھەر بىر ئائىلىنى ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشتىكى بىر دەرسخانا دېسەك، ھەر بىر ئاتا - ئانىنى بىر تەربىيىچى دېيىشكە بولىدۇ» [5]. ئىنسان بالىسىغا نىسبەتەن تۇنجى تەربىيە ئاساس خاراكتېر ئاتا - ئانىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. مەكتەپ تەربىيىسى ئارقىلىق سىستېمىلىشىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

ھازىر جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، نۇرغۇن ئالىم ئەدىبلىرىمىز يېتىشىپ چىقىپ جاھاننى زىلزىلىگە سېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قىسىم نادان، يارامسىز، ھاياسىزلارمۇ مەيدانغا كېلىپ مىللەتنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلاردىكى ئىللەتلەر ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ، چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بىزدە «ئىللەت تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەس» دەيدىغان ماقال بار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىدا تەلىم - تەربىيە جۈملىسىدىن تەربىيىنىڭ ئىپتىدائىي ئاساسىي بولغان ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئادەملەرنىڭ سۈپەت - ساپاسىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك سۈپەت - ساپاسى ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى سۈپەتلىك تەربىيىلىنىشىگە باغلىق، ئەلۋەتتە. مىللەت ئادەملەر ۋە ئائىلىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا، بۇ پۈتۈن مىللەت مىقياسىدا چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىدىغان ئائىلە تەربىيىسى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپەت - ساپاسى مىللەتنىڭ ئومۇمىي ۋە ئەدەبىي سۈپەت - ساپا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە پەرزەنتلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ساغلاملىقى، خۇي - پەيل جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشى، ئۇنىڭ بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشى، تالانتلىق ياكى تالانتسىز بولۇشى ئائىلە تەربىيىسىگە، ئاتا - ئانىغا باغلىق، دەپ قارىغان.

ئۇ مۇنداق دېگەن:

1228 ئوغۇل - قىزغا ئۆگەت پەزىلەت ھامان،
پەزىلەتلىك بولسۇن خۇلقى مۇلايىم.

1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغۇلغا كۆپ،

بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇيى - پەيل خوپ.

1225 ئوغۇل - قىز خۇي - پەيل بولسا يامان،
ياماق قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

ھەر قانداق ئاتا - ئانا بالىلارنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئەقىللىق، زېرەك، ساغلام چوڭ بولۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن، تۇرمۇشتىكى رېئاللىق ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولىۋەرمەيدۇ. ئەگەر بالا ھەر قانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، ئاتا - ئانىنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغان كۆڭلى قارا، كاززاپ بولۇپ قالسا ئۇنىڭدىن يامان ئىش يوق. بۇنىڭدىن 4 - 5 يىل بۇرۇن مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئاسپىرانتلىق سىنىپىدا ئوقۇيدىغان بىر ساۋاقداشنىڭ 70 نەچچە ياشلىق ئانىسى بىردىنبىر ئەقىللىق ئوغلىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا، يىراق يوللارنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاران تەستە ئوغلىنى ئىزدەپ تاپسا، ئوغلى ساۋاقداشلىرىغا، ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۆز ئانىسىنى بىزنىڭ قوشنىمىز، دەپ تونۇشتۇرغان. ھەتتا ياتىقىغىمۇ باشلىمىغان. نومۇس قىلىپ ئىككىنچى ئىز - دېرىكىنى قىلمىغان. كېيىن ساۋاقداشلىرى ھەم بەزى ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ قېرى ئانىغا ئىچ ئاغرىتىپ مەكتەپنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. بۇنداق كىشىلەر بىلىشى كېرەككى ئادەم ھامىنى قېرىيدۇ. چىراي گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ. ئەمما، قەلب گۈزەللىكى مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

ئانىسىنى تونۇمىغان مۇشۇنداق بالىلاردا ۋىجدان، نومۇس دېگەن نەرسىلەر بارمىدۇ؟ «ئادەمدە نومۇس بولمىسا ۋىجدان بولمايدۇ. ۋىجدان يوق يەردە ئىستىقبال نېمە قىلسۇن؟» [1] ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، ئۇلارنىڭ نازۇك دىلىغا ئازار بېرىدىغان مۇشۇنداق بىر قىسىم قىز - يىگىتلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە مۇنداق بېيىتنى ئېيتقان:

1163 بىر تۈركىي ۋەزىر بەك ياخشى دەپتىكەن،
كۆرەر كۆر يورۇغى ئوغۇل - قىز ئىكەن.

1164 ئوغۇل - قىز غېمى بۇ — تۈۋى يوق دېڭىز،
ئوغۇل - قىز غېمىدىن سارغايدى مېڭىز.

1165 كىشىنىڭ بولسا ئوغۇل - قىزى، خوتۇنى
نىچىك كۆرگەي ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇنى؟

1166 ئوغۇل - قىزنى دەپ يەر ئاتا ئۆز ئېتىن،
ئوغۇل - قىز ئاتىماس ئاتانىڭ ئېتىن.

يۇقىرىقىلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بالىلارنى ئوقۇشتىلا ئەمەس پەزىلەتتىمۇ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر ئىكەن.

بىز ھازىر رىۋايەت دەۋرىدە ياشاۋاتقاچقا، جەمئىيىتىمىزدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر

ھەم تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر خىل ھادىسىلەرنىڭ ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلىلەرگە ھەم ئائىلە تەربىيىسىگە بولغان تەسىرى ھەر خىل بولماقتا. شۇ تۈپەيلى ھازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسىدە خىلمۇ خىل مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن تىپىك مىساللار ۋە مىساللار ھەققىدىكى تەھلىلىمىز بىزنىڭ بۇ كۆز قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئىناق ئائىلە مۇھىتى بالىلارنىڭ روھى تۈۋرۈكى. ئۇلار ئائىلىسىنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىللىق مېھرىدىن ئۈمىدكە، زور ئىشەنچكە تولىدۇ. ھازىر بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خۇشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بالىلار بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولغان ئاتا بولغۇچى بالىنى تېپىپ قويۇپ ئۇنىڭ قانداق چوڭ بولۇۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوق. بوش ۋاقىت تاپسىلا رېستورانمۇ رېستوران يۈرۈپ، ھاراقنى بولۇشىچە ئىچىپ ئوينايدۇ. خىزمەتتىن ۋاقتىدا قايتمايدۇ. ھەتتا مائاشىنىمۇ ئۆيىگە ئەكىرمەيدۇ. ئىقتىساد توغرۇلۇق سۆز ئاچسا ئايالى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. بۇنداق تۇرمۇش بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىگە نېمىلەرنى سىزىش مۇمكىن؟

يېقىندا بىر ھاراقكەش دادا سىرتتا ھاراقنى بولۇشىچە ئىچىپ يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيىگە قايتقان ھەم بالىسىنىڭ يېنىدا ياتقان ئايالىنى تارتىپ، يەرگە چۈشۈرۈپ، ئىچ كىيىملىرىنى يىرتىپ بالىسىنىڭ ئالدىدىلا قالايمىقان چاقچاقلارنى قىلغان. ئانا بولغۇچى ئىزاغا چىدىماي ئېرىنى ئۇرۇپ تىللىغان. بالىسى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاراپ قېتىپ قالغان.

«بالا تەربىيىلەشنىڭ ماھىيىتى ئۆزىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش ئاتا ـ ئانا بالىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك چارە» (روسىيە يازغۇچىسى تولستوي). يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇنىڭدىن 930 يىل بۇرۇنلا «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ھاراقنىڭ ئىنساننىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىچىملىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق بېيىتلەرنى ئېيتقان:

2651 ھاراقتۇر بىلىم ۋە ئەقىل دۈشمىنى،
جېدە ـ غوۋغا ھاراقنىڭ ئېتىدۇر چىنى.

2653 نە ياڭلىغ ھاياتلىق، ئۆز خۇلۇق سىلىق،
مەي ئىچسە قىلۇر ئۇ پەسكەشلىك قىلىق.

2655 مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كېتۇر دەۋلىتى،
مەي ئىچسە بولۇر تەلۋە، ئەخمەق ئېتى.

2656 قېرىنغا كىرسە مەي، چىقارۇر سۆزۈك،
بۇ چىققان سۆزۈڭدىن كۆيەرسەن ئۆزۈك.

2102 مەي ئىچسە بولمىغۇر نە ئىشلار بولۇپ،
مەست ئولسا نەچچە ياخشى ئىشلار قالۇر.

2649 ھاراق ئىچمەس ئولسا ئۆزىن تۇتقۇچى،
ئۆزدىن تۇتار ئەر تاپار بەخت كۈچى.

يەنە شۇنداقمۇ ئائىلىلەر باركى، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار ھەر ئىككىسىلا بالىلار بىلەن كارى يوق. بالىلار بىلەن سىرداشمايدۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ قالمىسا، بەدىنى يالىڭاچ قالمىسىلا بولدى. ئانا بولغۇچى ئەگەر ئېرىنىڭ سىرتتا چىرايلىق بىر قىزنى تېپىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان بولسا، ئۇمۇ بىر ئەرنى تېپىشنى ئويلايدۇ. شۇ يول بىلەن (ئارقىلىق) ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بوش ۋاقتىنى ياسىنىش، كىيىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ كاللىسىدا ھاياتىدىكى بىردىنبىر قىممەتلىك نەرسىسى يەنى سۆيگۈنىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن باشقا نەرسە يوق. بالىلار دەرسلىكلىرىدە چۈشىنەلمىگەن جايلىرىنى سورىسا داداڭلاردىن سوراڭلار دەيدۇ. دادىسىدىن سورىسا ئاپاڭلاردىن سوراڭلار دەيدۇ. ئەگەر بالىلار ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگۈدەك بولسا، بالىلارنى رەزىل تىللار بىلەن تىللاپ تەنە قىلىدۇ ۋە ياكى تەن جازاسى بېرىدۇ. بالىلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، ئۇلارغا قانچىلىك ئاتا ـ ئانا مېھرى يەتكۈزۈۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. بۇنداق ئائىلىدە يېتىلىۋاتقان بالىلار تەبىئىي ھالدا قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز، يالغانچى، نىيىتى بىلەن بىردەك بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىللىق ئائىلە مۇھىتى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتى بالىنىڭ تەربىيىلىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يەنە بەزى ئاتا ـ ئانىلار باركى، ئۇلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى، يۈرۈش تۇرۇشى، كىيىنىشى، ھەتتا تاماق يېيىش قائىدىلىرىگىچە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەمما، بالىسىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، خىياللىرى بارلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ھەدېسىلا ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تەربىيىلەشكە تىرىشىدۇ. ئەگەر بويسۇنمىسا مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى توي قىلغاندىن كېيىن، ئانا بولغۇچى پۈتۈن كۈچى بىلەن يولدىشىنى قوللاپ كەسىپتە ئۆزۈپ چىقىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئېغىر ـ يېنىك يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. يولدىشى دېگەندەك كەسىپتە نەتىجە قازىنىپ چەت ئەلگە ئوقۇشقا ماڭغان. ئاتا بولغۇچى چەت ئەلگە ئوقۇشقا بېرىۋېلىپ تا بۈگۈنگە قەدەر قايتىپ كەلمىگەن. بىچارە ئانا 3 ـ 4 ياشلىق ئوغلى بىلەن قالغان. ئۇ پۈتۈن ئۈمىدىنى شۇ بالىسىغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭ ھەر تەرەپتىن تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ھازىر بالىسى 17 ـ 18 ياشقا كىرىپ قالدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشسىڭىز ئۇ بالىنى ھەرگىزمۇ 17 ـ 18 ياشلاردىكى بالا دېمەيسىز. ئۇنىڭ بىلىدىغان نەرسىلىرى ناھايىتى كۆپ. ئىجاد قىلغان كىچىك نەرسىلىرىمۇ كۆپ. ئۆيىگە كىرسىڭىز ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىگە چاپلانغان ئىنگلىزچە خەتلەرنى كۆرىسىز. يەنە تامدا ئاپىسى تەرىپىدىن يازدۇرۇلغان ئەھدىنامە، مەشغۇلات جەدۋىلىنى كۆرىسىز. لېكىن، ئانىسى ھازىرغا قەدەر بالىسىنىڭ دەرسلەردە چېكىنگىنىنى ياكى مەكتەپتىن ۋاقتىدا كەلمىگەنلىكىنى بىلسە شۇ ھامان تىللاپ، ئۇرۇپ كېتىدۇ. ھازىر بالا تاياقتىن قورقمايدىغان، ئانىسى بىلەن تەڭ تۇرۇپ تاكاللىشىدىغان، قەستەن قىرىشىدىغان بولۇپ قالغان. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئائىلە تەربىيىسىدە بالىلار ھەددىدىن زىيادە چەك تۇتۇش، ئۇرۇش، قاتتىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشلار ھەرگىزمۇ بالىلار قەلبىگە تەسىر قىلىشنىڭ، ئۇلاردىكى ياخشى تۇيغۇلارنى ئويغىتىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چارىسى بولالمايدۇ. چۈنكى، بالىنىڭ ئېڭىدا زورلۇق كۈچى ھەممىنى يېڭەلەيدىكەن دېگەن تونۇش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋالغاچقا ئۇلاردا تەبىئىي ھالدا جاھىللىق مىجەزى يېتىلىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ يامان ئىش قىلغىنىنى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا تەرسالىق قىلغۇسى كېلىدۇ. سىز ھەرگىز: «پەرزەنتىڭىزنىڭ ئىلىم ۋە ئەخلاقىنى ئۆزىڭىزنىڭ بىلىمى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقى

بىلەن چەكلىمەڭ، ئۇلارنى كەلگۈسى زامان ئۈچۈن تەييارلاڭ. چۈنكى، ئۇلار سىزنىڭ زامانىڭىزغا تەئەللۇق ئەمەس، ئۇلار كەلگۈسى زاماننىڭ كىشىلىرىدۇر» [4]. (ئەپلاتۇن)

2

پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلىدە ئاتا - ئانا تەربىيىدىن تەربىيىلىنىشى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك تەربىيىلىنىشىنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا، ئاتا - ئانا ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلىشى، ئۆزى ئېغىر - بېسىق سەۋرچان، قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ ھەممە ئىشتا بالىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بالىلار ئاتا - ئانىنى دورايدۇ. ئۈلگە قىلىدۇ. ئاتا - ئانا بالىنىڭ پاك - ئاپئاق قەلب ئېتىزىغا تۇنجى بولۇپ ئەدەپ - ئەخلاق، پەزىلەت، بىلىم ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

4504 تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز - ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

4506 ئوغۇل - قىزغا ئۆگەت بىلىم ۋە ئەدەپ،
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيا نەپ.

ئائىلە تەربىيىسىدە ئاتا - ئانا ھۆرمەتكە لايىق ئاتا - ئانا بولۇشقا تىرىشىشى، ئۇلار بىلەن مۇستەقىل سىردىشىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ھەر بىر بالىنىڭ ئۆزىگە خاس ھېسسىي دۇنياسى بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ قەلبىدە يامانلىق يىلتىزى تارتقان بولسا، سەۋەنلىك ئەلۋەتتە چوڭلاردا بولىدۇ. مىسال: ئۆتكەن يىلى مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. مەلۇم ئالىي مەكتەپتىكى مەلۇم بىر ئاشپەزنىڭ 10 - 11 ياشلىق ئوغلى بىر ساۋاقدىشى بىلەن قولىغا پىچاق كۆتۈرۈپ مەلۇم ئوقۇتقۇچىنىڭ 8 ياشلىق بالىسىنىڭ ئالدىنى توسىغان ھەم پۇللىرىڭنى چىقار دەپ قورقۇتقان. يېنىمدا پۇل يوق دېسە قولىنى كەينىگە قايرىپ، يانچۇقىدىن بىر چاقماقنى ئېلىپ ياندۇرۇپ، يۈزىنى پۇتۇنلەي كۆيدۈرۈۋەتكەن. بالىنى كۆرسىڭىز قورققۇڭىز كېلىدۇ. ئۇ بالا ناھايىتى چىرايلىق، كۆزلىرى يوغان، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئوماق بالا ئىدى. يۈزى كۆيدۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ بالىدا نە كىرپىك، نە قاش بولسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا بەك قورقۇپ كەتكەچكە خېلى ۋاقىتلارغىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى. كۆيدۈرگۈچى بالا جازاغا تارتىلمىدى. ھەتتا ئاتا - ئانا بولغۇچىلارمۇ كېلىپ كۆيگۈچىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ياكى كۆيگۈچىدىن كەچۈرۈم سورىمىدى. كېيىن بۇ ئىشقا قوغداش باشقارمىسى ئارىلىشىپ، دادىسىغا 15 كۈن تۇتۇپ تۇرۇش جازاسىنى بەردى. بۇنىڭغا نارازى بولغان كۆيدۈرگۈچىنىڭ دادىسى كۆيگۈچىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا: «مەن 15 كۈندىن كېيىن سولاقتىن چىقسام ھەممىڭنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىنى بەكلا مەيلىگە قويىۋەتكەن. كىنولاردىكى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ دورىسا چەكلىمىگەن، ئەكسىچە خۇش بولغان. بالا ئاتا - ئانىنىڭ خۇش بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىدە ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ئىشەنچ تۇرغۇزغان. شۇنىڭ بىلەن ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا بىر بالىنىڭ يۈزىنى ۋەھشىيلەرچە كۆيدۈرۈۋەتكەن.

دادا بولغۇچى يەنە گۇناھنى ئۆزىدە قويماي، بالىسىنى قوللاپ «سولاقتىن چىقسام ھەممىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەن. «يامان ئىش گەرچە كىچىك، ئاددىي بولسىمۇ ھەزەر ئەيلەش كېرەك. قەترىدىن كۆل ھاسىل بولغاندەك، يامانلىق ئاز - ئازىدىن يىغىلىپ ئاخىر كېلىپ ئۇنىڭدىن چوڭ بىر ھالاكەت پەيدا بولغۇسى. بىر تال سەرەڭگە تاغدەكخامانىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ ئەمەسمۇ؟».

قەدىمكىلەر: «كىچىكىدە چېچەن بالا ئىرادىلىك بولىدۇ، مەيلىگە قويۇۋەتسە ئاخىر بېرىپ نابۇت بولىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ ھەقتە قىممەتلىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق دېگەن:

1223 كىمنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغۇل - قىزى،
چېكىپ ئاھ ھەسرەت يىغلار ئۆزى.

1224 كىچىك چاغدا قويسا ياۋا،
ئوغۇلدا گۇناھ يوق ئاتا - ئانىغا جاپا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدىكى بۇ كۆز قاراشلىرىنى 930 يىلدىن كېيىنكى ھازىرقى رېئاللىقىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئالدىن كۆرەر دانىشمەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. ھازىر پەرزەنتلەر ناھايىتى ئەتىۋارلىق. ھەممىسىنىڭ بىر ياكى ئىككى، بەزى ئائىلىلەردە 3 - 4 بالىسى، بارلارمۇ بار. كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولسىمۇ، ئاز بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئىككى بالىسى بولسا ئىككى خىل، ئۈچ بالىسى بولسا ئۈچ خىل مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ خىل ئاتا - ئانىلارنىڭ بەزىلىرى بالىلارنىڭ چوڭىنى ياخشى كۆرسە، بەزىلىرى كىچىكىنى ياخشى كۆرىدۇ. كۆپرەك خورلىنىدىغىنى ئوتتۇرانچى بالا. ياخشى كۆرىدىغان بالىنىڭ سەت قىلىقلىرىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ياخشى كۆرمەيدىغان بالىنىڭ ھەر قانداق چىرايلىق قىلىقىمۇ سەت كۆرۈنىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، ئەمما پۈتۈن سۆز ھەرىكىتىدە، مۇئامىلىدە ئىپادىلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرانچى بالا ئاتا - ئانىنىڭ كېپىنى ئاڭلىمايدىغان تەڭ تۇرۇپ تاكاللىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆزىدىن سەۋەنلىك ئىزدىمەي، بالام مېنى ھۆرمەتلىمىدى، ماڭا ياندى، دەپ زارلىنىدۇ. بالا بولسا ئىنتايىن چۈشكۈنلىشىدۇ. «ئادەتتە ئاتا - ئانىلارنىڭ قوللىشى يېتەرسىز بولغان بالىلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى تونۇش تۇيغۇسى تۆۋەنرەك بولىدۇ» [5]. (رىگان) ئۇ مەيلى چوڭ ياكى ئوتتۇرانچى بولسۇن ۋە ياكى كىچىكى بولسۇن ئاتا - ئانىنىڭ كۆيۈنۈشىگە، ئىشەنچىسىگە موھتاج. «كۆپىنچە ئائىلىلەردە بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭى بىلەن ئەڭ كىچىكى ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىشى مۇمكىن. قالغان بالىلار ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن، كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ يارامىلىق بالا شۇلار ئىچىدىن چىقىدۇ» [6]. (باكۇن) ئۆيگە، ئاتا - ئانىغا، قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا كۆيۈنىدىغانلارمۇ شۇلار ئىچىدىن چىقىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانا بولغۇچىلار بالىلارغا ھەر خىل مۇئامىلىدە بولماسلىقى، ھەممە بالىغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر ۋەقەنى مىسال ئېلىپ ئۆتەي.

ئۆتكەن يىلى مەلۇم بىر شەھەردە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى، بىر ئائىلىدە ئۈچ بالا

بولۇپ، چوڭ بالىسى بىلەن كىچىك بالىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان. لېكىن، ئوتتۇرانچى بالىسى داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن «دۆت»لۈك قالپىقىنى كىيىپ، قانداق ئىش قىلىمەن دېسە ئاتا - ئانىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن. داۋاملىق كەمسىتىشكە ئۇچرىغان. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلىكى بىر سەۋەبمۇ ئاتا - ئانا بولغۇچى بارلىق كۈچىنى ئىككى بالىغا قارىتىپ، ئوتتۇرانچى بالىنىڭ ئوقۇشى ھەم باشقا ئىشلىرىغا ئانچە ئېتىبار بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن، ئۆزىنى دۇنيادا ئوشۇقچە تۇرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، چۈشكۈنلىشىپ، تېرىككەك بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسە مەنىسىز بىلىنىپ، خالىغان ئىشنى قىلىدىغان بولۇۋالغان. بىر كۈنى ھاراق ئىچىپ 86 ياشلىق بىر خەنزۇ مومايىنى ئۇرغان ھەم ئۇنىڭغا ئەدەپسىز چاقچاقلارنى قىلغان. ئۇ موماي ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇ ۋاقىتتىلا 20 ياشلىق بالا قولغا ئېلىنىپ، قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىچىك بالىلارنىڭ قەلبى ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن ئازار يەپ قالسا ئۇلار پۈتكۈل ئىممەتلىك ھاياتىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان ھەرخىل ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

ھازىر نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار ئائىلە تەربىيىسى، پەرزەنت تەربىيىسىدە ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. 21 - ئەسىر رىقابەت دەۋرى. بىز تەربىيىلەۋاتقان بالىلار رىقابەت سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ، يوق؟ بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارنى قانداق تەربىيىلەشنى بىلەلمەيۋاتىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى، پەرزەنت تەربىيىسى ئاغزىدا دېيىش ئوڭاي بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئىش ئەمەس. يەنە كېلىپ پەرزەنت تەربىيىسى بىر كۈنلۈك ياكى بىر يىللىق ئىش ئەمەس. بالىلارنى تەربىيىلەش كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلۇش. چۈنكى، بالىلار ماكرو جەھەتتە مىللەتنىڭ كېلەچىكى، مىكرو جەھەتتە ئائىلە ۋە ئاتا - ئانىنىڭ ئۈمىدى، شۇڭا ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئائىلە تەربىيىسىدە بالىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ئۇلارنى چۈشىنىشى كېرەك. «بالىلار دۇنيانى قىزىقىش، ئەجەبلىنىش، گۇمانلىنىش روھى ھالىتى ئارقىلىق تونۇيدۇ. ياشلار بولسا ھەمىشە گۇمانسىز، ئىشىنىش ۋە ئالىيجاناب روھنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا چوڭقۇر ئۇچراش روھى ئارقىلىق تونۇيدۇ» ⑦.

3

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، ئىنسان بالىسىنىڭ بىلىملىك، ئەقىللىق، پەزىلەتلىك بولۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچى بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئىكەنلىكىنى، بۇ دەۋردە ئادەملەرنىڭ ئىلىم - پەننى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىگىلەپ، قەلبىگە ئەڭ يۇكسەك غايىلەرنى پۈكۈدىغان مەزگىلى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر تەربىيە ياخشى بولسا غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ يەنە ئىنسان بالىسى ئانىدىن تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولۇپ قالمايدۇ. پەقەت ئاتا - ئانىنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن كامالەت ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ دەپ قارىغان. مەسىلەن:

1681 ئانادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تۆرگە چىقار.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يەنە كىشىلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ساغلام، روھى جەھەتتە ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، ئىقتىدارلىق بولۇشى ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئەدەپ - ئەخلاق، ئىلىم ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىلىمسىز كىشىلەر بىلەن بىلىملىك كىشىلەرنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ ئىلىم ئىگىلەشنىڭ پايدىسى بىلەن ئىلىمسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى كونكرېت مىساللار ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ، بارلىق كىشىلەرنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشقا، ئىلىم - بىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرغان. ئۇ بۇ ھەقتىكى بېيىتلىرىنى كۆرەيلى:

297 ئەقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز كىشى ئۇ بىر ئۇچۇملا لاي.

4076 ئەقىلسىز كىشىلەر بىلىمنى بۇزار،
بىلىمسىز كىشى خەلقنى ۋەيران قىلار.

223 بىلىملىك، ئاقىل بەگ بولسا ئەل بېشى،
قىلىچ بىرلە تۇگەر بىلىمسىز ئىشى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بىلىم ئىنسان ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ بولۇپ، ئۇ ئىنسان قەدىر - قىممىتى ۋە بەختىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ قارىشىمىز تۆۋەندىكى بېيىتى دەلىللەيدۇ:

1823 كىچىك چاغدا ئىنسان بىلىم ئۆگۈنۇر،
چوڭايسا ئۇنىڭلە تىلەككە يېتۇر.

301 ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئېسىل،
بىلىم كىمدە بولسا، بولۇر خان ئۇ بىل.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىدىكى قاراشلىرىدىن ئائىلە تەربىيىسىدە ئاتا - ئانا بولغۇچى باللارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ھەر تەرەپتىن يېتىلىشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئىلىمگە قىزىقىدىغان خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئائىلە تەربىيىسى ھەققىدىكى قىممەتلىك قاراشلىرى بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ مىللىتىمىز، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن باللىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلەشكە ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتىگە نەزەر سالايلى:

2047 كۆر، ئىتقا بولۇۋەرسە باش ئەرسلان،
بولۇر ئىتلار ھەم ئەرسلانىسمان.

2048 ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئەرسلانغا باش،
ئەرسلانمۇ بولۇپ قالۇر ئىتتەك هامان.

يۈسۈپ خاس هاجىپ پەرزەنتلەرنىڭ قانداق خاراكتېردە ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ، كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئائىلە تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكىنى كۆرسىتىپ، بارلىق ئاتا -ئانىلارنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، بالىلارغا ئۈلگە بولغۇدەك ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنداق، ئائىلە تەربىيىسى ناهايىتى مۇھىم هالقىلىق مەسىلە، بۇنىڭغا ئاتا - ئانىلارلا ئەمەس، پۈتۈن دۆلەت، پۈتۈن جەمئىيەت بىردەك كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. ئەگەر بىزدە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئەھۋاللار مەۋجۇتلا بولىدىكەن. بۇ نۇرغۇنلىغان بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ساپاسىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. سۈپەتسىز، ساپاسىز مىللەتلەر هامان تارىخىي سەهنىسىدىن غۇلاپ چۈشىدۇ.

تارىخ 21 - ئەسىرگە قەدەم قويدى. 21 - ئەسىردىكى ئەڭ ئېهتىياجلىق نەرسە يەنىلا ئىختىساس ئىگىلىرىدىن ئىبارەت. يېڭى بىر ئەسىردە ئىختىساد، مەدەنىيەت، ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۆزگىچە هالەتتە بولىدۇ. بۇ رېئاللىق ئادەملەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ سۈپەت -ساپاسىغا تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەلىماتلىرى يېڭى بىر ئەسىردىكى بالىلار تەربىيىسى خىزمىتىدە ئىلهام بەخش رول ئوينايدۇ هەم ئوينىغۇسى!

## ئىزاهاتلار

① دىلاچار «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى»، 1972 - يىل، ئەنقەرە.
② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1994 - يىلى 1 - سان، 138 - بەت
③ «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»، 1995 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى سانى.
④ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1989 - يىل 4 - سان.
⑤ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1998 - يىل 2 -، 3 - سان، 157 -، 158 - بەتلەر.
⑥ «ئۆسمۈرلەر تەربىيىسى ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە 488 -بەت.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

① يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىل بىرىنچى نەشرى، ئۇيغۇرچە.
② «بالىلار پسىخولوگىيىسى ۋە تەربىيىسى هەققىدە سۆھبەت»، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل، ئۇيغۇرچە.
③ تارىخىي مىراس «قۇتادغۇبىلىك» هەققىدە بايان (2)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 - يىل.

# «قابۇسنامە»دىكى پەند ـ نەسىھەتلەر توغرىسىدا

قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى، مايىنۇر روزى

«قابۇسنامە» مىلادى 11 ـ ئەسىردە ياشىغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گۇرگان (جۇرجان)، رەي، تەبەرىستان تەرەپلىرىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ۋەشمىگىر خانىدانىغا مەنسۇپ بولغان ۋە بۇخارانى مەركەز قىلغان سامانىيلار خانىدانىغا ئالاقىدار بولغان پارس يازغۇچىسى، شائىر شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان دىداكتىك داستان. شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس زامانداشلىرى ۋە قوشنا مەملىكەت پادىشاھلىرى ئارىسىدا دانا، ئالىملىقى، سېخىي، خەلقپەرۋەرلىكى، ھەربىي ئىشلاردىكى ئىختىساسلىقلىقى بىلەن يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. ئۇ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپلا قالماي، تۈرلۈك ئىلىملار بويىچە بىر قانچە ئەسەر يازغانىدى . ئۇنىڭ ناتىقلىق ۋە لوگىكا ھەققىدە يازغان «كامالۇلبەلاغەت» (ناتىقلىق ۋە لوگىكا پېننىڭ كامالىتى) ناملىق ئەسىرى بىلەن «قابۇسنامە» مەشھۇر ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قابۇسنامە» جەمئىي 29 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە تېما شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، تىلىنىڭ نەپىسلىكى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئەينى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى ئەسەر يېزىلغان 1000 يىلدىن كېيىنكى ھازىرقى دەۋردىمۇ مۇئەييەن تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەسەردە ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە قائىدە ـيوسۇن توغرىسىدا چوڭقۇر ۋە كەڭ مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن سىرت تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، ئۆلچەش ئىلمى، دورىگەرلىك ئىلمى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھەربىي ئىلىم، ئوۋ ئوۋلاش، ئات مىنىش، نەيزىۋازلىق، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلارغىمۇ كەڭ ئورۇن بېرىلگەن.

ئەسەردە باشتىن ـ ئاياغ تەكىتلەپ بايان قىلىنغان تۇرمۇشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن توغرىسىدىكى بايانلار كونكرېت دىنىي ئېتىقاد، تائەت ـ ئىبادەت، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش، ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەش، تىل گۈزەللىكى، يېمەك ـ ئىچمەك قائىدىلىرى، مېھماندارچىلىق، مېھمان كۈتۈش يوسۇنلىرى، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش، ئىقتىسادچىل بولۇش، ياشلىقنى قەدىرلەش، ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك، مۇھەببەت ـ نىكاھ ئىشلىرى، خوتۇن ـ قىزلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىش، ئۇخلاش ۋە دەم ئېلىشنىڭ سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش، ئۇخلاش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەش، جۇملىدىن دوست تۇتۇش، دوستلۇقنىڭ شەرتلىرى، دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش، مال ـ مۈلۈك جەملەش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس بۇ مەزمۇنلارنى يورۇتۇپ بېرىشتە يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت، گۈزەل ئاممىباب تىل ۋاستىسىنى قوللىنىش ۋە چوڭقۇر بىلىمىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىرگە چوڭقۇر پەلسەپىلىك مەزمۇنلارنى قىسقا، ئىخچام، چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايەتلەر بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرگەن. ئەسەردە تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئائىلە

باشلىقىنىڭ بۇرچى، پەرزەنتلەرنى پەرۋىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى پەند - نەسىھەتلەر مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئەينى دەۋرنىڭ دەۋر چەكلىمىسىدىن، جۈملىدىن شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇسنىڭ ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشىدىن ئىبارەت ئائىلىۋى تەربىيە كاتېگورىيىسىدىن خېلىلا ھالقىپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ۋە كەلگۈسى جەمئىيەتكە يۈزلەنگەنىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس ئۆز ئەسىرىدە بايان قىلىنغان پەند - نەسىھەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش، قايىل قىلىش كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك تىل بولغان «ئەي ئوغۇل، ئەي يىگىت» دېگەندەك گۈزەل ئىبارە بىلەن ئۆز پىكرىنى باشلىغان.

«قابۇسنامە» دىكى پەند - نەسىھەتلەرنى تۆۋەندىكىچە ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن.

بىرىنچى، پەرزەنتلەرگە سۆز - ھەرىكەتتە گۈزەل بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش.

«ئاۋۋال بىلىش كېرەككى، گۈزەل، ياخشى سۆزلەش ھەركىمگە ۋاجىپتۇر (زۆرۈر)، ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلاش ۋە ئەمەلەش لازىم. يەنى ئۆزۈڭ ياخشى سۆزلەش ۋە سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ياخشى ئەمەلەش زۆرۈر. ئەي ئوغۇل ئەمدى ئۆزۈڭمۇ ياخشى سۆزنىڭ ياخشىسىنى سۆزلىگىن، يالغان سۆزلەشتىن ساقلان، ھەرگىز يالغان سۆزلىمە...»

«ھەي ئوغۇل ھەر سۆزنى ئورنى كەلگەندە، ۋەقەلىككە مۇۋاپىق گۈزەل ئىبارە بىلەن سۆزلىگىن، قاتتىق سۆزلىمە، قوپال سۆزلىمە، گۈزەل، كۆركەم سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىگىمۇ پايدىسى بار، ئاڭلىغان كىشىنىڭمۇ دىلىغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. يامان سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىگە زىيىنى بار، ئاڭلىغان كىشىگە ياقمايدۇ.

«ئەي ئوغۇل، تىرىشىپ تىلىڭنى سۆزلەش ماھارىتى بىلەن ۋە پاساھەت (ئوچۇق، ئېنىق، گۈزەل سۆزلەش) بىلەن بېزىگەيسەن. خەلققە تاتلىق سۆز بىلەن گۈزەل سۆزلەشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەركىمنىڭ تىلى تاتلىق، گۈزەل بولسا دوستلىرى كۆپ بولىدۇ، ئالىملار، پەيلاسوپلار ئېيتقانكى، ‹كىمنىڭ تىلى تاتلىق بولسا دوستلىرى كۆپ بولىدۇ›، سۆزگە ئۇستا كىشى ھەر بىر سۆزنى ئورنىنى تاپمىسا ئېيتمايدۇ. چۈنكى، ھەر بىر سۆز ئۆز جايىدا سۆزلەنمىسە، ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ تېتىقسىز ئاڭلىنىدۇ. بەزى سۆزلەر بولىدۇكى، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن سۆزلىگۈچى جەبىر - جاپاغا يولۇقىدۇ. ھەر بىر سۆزنى ئۆز ئورنىدا سۆزلەشنى بىلىش كېرەك.» بۇ ھەقتە «قابۇسنامە» مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ:

«پادىشاھ ھارۇن رەشىت باغداتتا بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاغزىدىكى چىشلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ كەتكەنمىش. ئۇ بىر تەبىر ئالىمى چاقىرتىپ بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

— بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، - دەپتۇ تەبىرچى ئالىم:

— بارلىق تۇغقان - قېرىنداشلىرىڭىز سىزدىن ئىلگىرى ۋاپات بولىدۇ.

ھارۇن رەشىت بۇ ئالىمنىڭ تەبىرىدىن رەنجىپتۇ، تەبىرچىنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا پەرمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خىتاپ قىلىپ:

— ئەي سۆز بىلمەس نادان! سەن كىم ئىدىڭ، مېنىڭ بۇ چۈشۈمگە قارىتا يۈزۈمدىن يۈزۈمگە قوپاللىق بىلەن شۇنداق دەمسەن؟ قوۋم - قېرىنداشلىرىم مەندىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھالىم نېمە بولىدۇ. دۇنيادىن ماڭا نېمە لەززەت - راھەت كېلىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئىككىنچى بىر تەبىر ئالىمنى چاقىرتىلىپ ئۇنىڭغا ئۆز چۈشىنى سۆزلەپتۇ.

— ئەي خەلىپە، - دەپتۇ ئىككىنچى ئالىم، - بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، ھەزرەتلىرى بارلىق قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا.

خەلىپە ھارۇن رەشىت بۇ ئالىمنىڭ سۆزىنى خۇش كۆرۈپتۇ ۋە:

— «ئەقىلنىڭ يولى بىردۇر» ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى بىر، لېكىن ئىبارىلىرى باشقىدۇر، — دەپ ئىككىنچى تەبىر ئالىمىغا 100 ئالتۇن مۇكاپات بۇيرۇپتۇ.

ئىككىنچى، پەرزەنتلەرگە كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلانماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىش.

«كۆپرەك قېرى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكىن، يىگىتلەر بىلەن كۆپ سۆھبەتلەشمە، ھەتتا يىگىتلەر بىلەن بولغان سۆھبىتىڭدىمۇ قېرىلار بىللە بولسۇن، چۈنكى يىگىتلەر يىگىتلىك ۋاقتىدا ئىچىملىك مەست ھالدا يۈرۈيدۇ. ئۇلار شارابسىز مەستلىك، غاپىللىق، مەغرۇرلۇق بىلەن بىر خاتا سۆز قىلسا قېرىلار ئۇنى مەنئى قىلىدۇ. قېرىلار يىگىتلەردىن كۆپرەك بىلىدۇ. ھالبۇكى يىگىتلەردە ئۆز بىلىمىنى قېرىلاردىن ئارتۇقراق بىلىدىغان بىر ئادەت بار. قېرىلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ياشلار قېرىلاردىن كۆپ بىلمەيدۇ».

«خەلق ئىچىدە ھۆرمەتلىك بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭ خەلقنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلا. ئەگەر خەلق مېنىڭ سۆزۈم بىلەن ئىش قىلسۇن دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ سۆزىگە ئۆزۈڭ ئەمەل قىل».

ئۈچىنچى، پەرزەنتلەرگە مېھماندارچىلىقتا بارغاندا ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش.

«ئەي ئوغۇل تاماقلىنىشتا ياخشى تەرتىپ شۇكى، ئەتىگەندە سەپرانى دەپئى قىلغۇدەك ئازراق تاماق يەپ ئىشقا مەشغۇل بولۇش لازىم، تاكى پېشىن (چۈش) ۋاقتى بولغاندا تاماقلىنىش لازىم. يېگەن تاماق ھەزىم قىلغۇدەك بولسۇن، ھەزىم قىلالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ يېمەسلىك لازىم. ئەگەر بىرقانچە كىشى بىلەن بىللە تاماق يېيىش توغرا كەلسە، كۆپچىلىك كىشىلەر تاماققا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماققا ئولتۇرما، ئەگەر ئۆيۈڭدە مېھمان قوبۇل قىلساڭ مېھمانلار كېلىپ داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماقنى داستىخانغا ئەكېلىپ قويما. تاماق يېگەندە ئالدىرىماي، ئاستا - ئاستا يېيىشنى ئادەت قىل، تاماق يېگەندە بېشىڭنى تۆۋەن تۇتقىن. كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە قولىغا ئالغان، ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا كۆز سالما. كىشىنىڭ قولىدىكى لوقمىسىغا قاراش چوڭ ئەيىبتۇر.»

بۇ يەردە مۇنداق ھېكايەت نەقىل كەلتۈرۈلگەن:

«ساھىپ كاپى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىدى. ئۇ پادىشاھ بىركۈنى ئۆزىنىڭ خاتىپ خادىملىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ بىرسىنىڭ قوشۇقىدا بىر تال قىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇ كىشىگە: ‹قوشۇقىڭدا بىر تال قىل بار، ئېلىپ تاشلىۋەت›، دەپتۇ. ئۇ كىشى قوشۇقنى قويۇپ تاماق يېمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. مەجلىس ئەھلى پەرىشان بوپتۇ. ئۇ كىشىنى پادىشاھ چاقىرتىپ نېمە ئۈچۈن تاماق يېمەي كەتتىڭ؟›، دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: ‹قولۇمغا ئالغان لوقمىدا بىر تال قىلنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ تائامنى قانداق يېيىشكە بولسۇن›، دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىجىل بوپتۇ.

تۆتىنچى، ئۇخلاش، دەم ئېلىش بىلەن سالامەتلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىش.

«... بىر كېچە كۈندۈز 24 سائەت، ئۇنى 3 كە بۆلۈش كېرەك. ئىككى ئۈلۈشنى ئويغاقلىق ۋاقتىدا بىر ئۈلۈشنى ئۇخلاشقا سەرپ قىلىش كېرەك. يەنى 8 سائەتنى تائەت ـ ئىبادەتكە ۋە ئۆزىنىڭ مەئىشىتىگە سەرپ قىلغاي، 8 سائەتنى يېمەك ـ ئىچمەككە، زەۋق ـ ساپا (ئارام ئېلىش)قا سەرپ قىلغاي، 8 سائەتنى ئۇخلاپ ئارام ئېلىشقا سەرپ قىلغاي. شۇنداق بولغاندا 16 سائەت ئىچىدە بەدەنگە تەسىر قىلغان زەخمەت ۋە مۇشەققەتلەرگە تاقابىل راھەت بولىدۇ، بەدەن ئەسلىگە كېلىدۇ. ئاقىللارچە، ھۆكۈمالارچە، تېۋىپلارچە تىرىكلىك قىلىش ئەنە شۇدۇر.»

بەشىنچى، مېھمان دوست بولۇش، ئۆيگە كەلگەن مېھمانغا قىزغىن بولۇش، ئۇلارنى ئۆز لايىقىدا مېھمان قىلىش، ھەتتا مېھماننىڭ خىزمەتكارلىرىغىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىش.

«ھەر قاچان مۇساپىر مېھمانلار كەلسە ئالدىغا چىقىپ كەمتەرلىك بىلەن ئىززەت قىلغىن ۋە ھەر بىرىگە ئورۇن كۆرسەت. مېھمانلىرىڭ بىلەن يۇمشاق، مۇلايىم سۆزلەشكىن، چۈنكى تاتلىق سۆز تاتلىق يېمەكلىكتىن ئارتۇقراقتۇر. ئۆيۈڭگە كەلگەن مېھمان مەيلى دوستۇڭ، مەيلى دۈشمىنىڭ بولسۇن كېچە ـ كۈندۈز خىزمىتىدە بولۇشۇڭ لازىم. ھەرقاچان مۇساپىر مېھمانلىرىڭ ئۆيۈڭگە كەلسە ئەگەر يېمىش ۋاقتى بولسا مېۋە ئەكېلىپ قوي، بىر ئاز سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن داستىخان يېيىپ تائام كەلتۈرگىن، مېھمانلارنى تائامغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەت، بىللە قاراپ ئولتۇرما ... مېھمان تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، خۇش پۇراقلىق سۇ ئەكېلىپ مېھماننىڭ قولىنى يۇدۇرۇش كېرەك. مېھماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىمۇ ھۆرمەتلەش لازىم. مۇمكىن بولسا سازەندە ـ مۇزىكانتلار تەكلىپ قىلىپ مېھمانلىرىڭنى خۇشال قىلغىن»

«ئەي ئوغۇل، مۇساپىرلارغا ئۇچۇق سۆزلۈك ۋە تاتلىق سۆزلۈك بولغىن، ئاچچىق سۆزلىمە، كىنايە سۆز قىلما، قۇدرىتىڭ يەتسە مۇساپىرغا ئىنئام ـ ئېھسان قىل، مېھمان ئالدىدا ئورۇنسىز كۈلمە، ئورۇنسىز كۈلۈش ساراڭلىقتۇر. ئورۇنلۇق كۈلۈش ئاقىللىق ۋە ئەدەپتۇر. ئەگەر مۇساپىر ئىچىپ مەست بولۇشنى خالىسا، ئۆيۈڭدە تۇتۇپ قالما، كەتسۇن. مېھمان بار يەردە ئەھلى ـ ئايال، باللىرىڭغا ئاچچىقلانما، چۈنكى مېھماننىڭ كۆڭلى سەندىن نەپرەتلەنمىسۇن. مۇبادا مېھماندىن يارىماس گەپ ئاڭلىساڭ نارازىلىق كۆرسەتمە، سەۋر قىل، مېھماننى ھۆرمەتلە.»

ئالتىنچى، ھاراق ـ شاراب ئىچىشكە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلمەسلىك، ھاراق ـ شاراب ئىچىش، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىشنىڭ زىيىنىنى تولۇق تونۇش.

«ئەي ئوغۇل ئەگەر ھېچقاچان ھاراق ـ شاراب ئىچمىسەڭ ئاللا تائاللا سەندىن رازى بولىدۇ ھەم خەلق ئىچىدە ئىسمىڭ ئۇلۇغ، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىشەنچىگە سازاۋەر بولىسەن. خەلق ئىچىدە مالامەتكە قالمايسەن. مال ـ مۈلكۈڭ ئىسراپ بولۇپ تۈگىشىپ كەتمەيدۇ ...»، «... ياشلىقىڭغا مەغرۇرلىنىپ ئىچىپ قالساڭ ھەر قاچان تائامنى يەپلا ئىچىشكە باشلىما، ئاۋۋال تاماق ھەزىم بولسۇن، تائام ئاشقازاندا ھەزىم بولماي تۇرۇپ شاراب، ھەتتا سۇ ئىچىشمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر ئارتۇقچە ئۇسساپ كەتسەڭ، ھېچبولمىغاندا تائام يەپ ئىككى سائەتتىن كېيىن سۇ ئىچ. تاكى تائامدىن بەھىر ئالسۇن ۋە يېگەن تائامنىڭ قۇۋۋىتى تەنگە سىڭسۇن. شاراب ئىچىشكە دۇچ كەلسەڭ، كەچقۇرۇن ئىچ، شاراب تەسىرى بىلەن مەست بولغۇچە كەچ كىرسۇن، خەلق سېنى مەست ياكى شاراب ئىچكەن ھالەتتە كۆرمىسۇن، شاراب ئىچكەن ئەيىبىڭ باشقىلارغا كۆرۈنمىسۇن. چۈنكى، مەست بولۇپ

لەلەڭشىپ، لاۋزىلىشىپ يۈرۈش ناھايىتى زور ئەيىبتۇر، شاراب ئىچكەندە كۆپ يېمە، ئۇلۇغ ھۆكۈما ئالىملار: شاراب ئىچكەندە كۆپ ئىچمە، شارابنى كۆپ، مەست بولغۇچە ئىچكەننىڭ ئىككى تۈرلۈك زىيىنى بار. بىرى ھەممە ئەزالىرىڭ ئىختىيارسىز ھەرىكەتلىنىدۇ، تىلىڭ دېمەيدىغاننى دەيدۇ، پۇتۇڭ بارمايدىغان جايغا بارىدۇ، قولۇڭ تۇتمايدىغاننى تۇتىدۇ. كۆزۈڭ قارىمايدىغانغا قارايدۇ، ئاغزىڭ يېمەيدىغاننى يەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۆز ئەزالىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ كىشىلىك ھۆرمىتىڭنى يەرگە ئۇرۇپ، رەسۋا بولىسەن. ئىككىنچى، شاراب تەسىرى بىلەن مېڭە، جىگەر، يۈرەك زەھەرلىنىپ ساغلام بەدەننى زورلاپ كېسەلگە گىرىپتار قىلىسەن، ھەر قاچان مەست بولساڭ بەدەنلىرىڭ زەھەرلىنىپ كېسەلگە مۇپتىلا بولىسەن، ئەقلىڭدىن ئايرىلىسەن.»

يەتتىنچى، ھالال ئەمگەككە تايىنىپ ياشاش ۋە مال - مۈلۈك يىغىش، ئىقتىسادچىل بولۇش، ھارام مال - مۈلۈككە ھېرىس قىلماسلىق.

«ئەي ئوغۇل مال - مۈلۈك ۋە بايلىق ھاسىل قىلىشقا تىرىشقىن. لېكىن، مال - مۈلۈكلەر ھالال - توغرا يولدىن ھاسىل قىلىنىشى لازىم. مال - مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىمەن، دەپ ھەرگىز خەتەرلىك ئىشلارغا دۇچار بولما. ھەر قاچان ھالال - توغرا، خەۋپسىز يولدىن ھاسىل قىلغايسەن. ھالال، توغرا خەۋپسىز يول بىلەن مال - مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلساڭ ئۆزۈڭدە قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ساۋابلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپىسەن. ئەگەر ھارامدىن بايلىق ھاسىل قىلساڭ ئاقىۋەت بۇ مال - مۈلۈك بايلىقلار قولدىن كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋابالى (جازاسى) ساڭا قالىدۇ. ھالال يول بىلەن ھاسىل قىلغان مال - مۈلكۈڭنى ساقلاپ توغرا يولدا سەرپ ئەتكىن. ئورۇنسىز سەرپ قىلما، ئىسراپ قىلىپ يوقىتىۋەتمە.»

سەككىزىنچى، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشتا ئويېكتىنى توغرا تاللاش توغرىسىدا.

«... ئالغان قىز خوتۇنۇڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ، مەكتەپنىڭ توغرا تەربىيىسىنى ئالغان، ئۆي تۇتۇش تەدبىرلىرىنى ئۆگەنگەن بولسۇن، مۇنداق قىز، خوتۇن قولۇڭغا كىرەر بولسا ئۇنى ئېلىشتا بىپەرۋالىق قىلما، ھېچ ۋاقىت خوتۇنۇڭغا يامانلىق قىلما، خوتۇنۇڭ ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتىڭنى خۇش تۇتۇشۇڭ كېرەك. خوتۇنۇڭمۇ سېنى ئاتا - ئانىسى ئورنىدا كۆرۈپ مۇھەببەت باغلىسۇن، ساڭا ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلسۇن، ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشى دوست بولمايدۇ ...»

توققۇزىنچى، ھۈنەر كەسىپ ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا.

«ئەي ئوغۇل بىلگىنكى ھۈنەر - سانائەت بىلەن ئىپتىخارلىنىش نەسەپ بىلەن پەخىرلىنىشتىن ياخشى. ھۈنەر ئۆگىنىشكە تىرىشقىن، ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ ھېچ ئادەمگە پايدىسى يوق. بەلكى ئۆزىگىمۇ پايدىسى يوق. ھۈنىرى يوق ئادەم گويا ئاق تىكەنگە ئوخشايدۇ. تىكەننىڭ ھېچ ئادەمگە سايىسى چۈشمەيدۇ، ھەر قانداق ئادەمگە ھۈنەر زۆرۈر، ھۈنىرى يوق ئادەم ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بەلكى، ھايۋان ھۈنەرسىز ئادەمدىن ياخشىراق. چۈنكى، ھايۋان خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ھۈنەرسىز ئادەم «ئىنسان سۈرەتلىك ھايۋان» دېيىلگەندۇر. ئەي ئوغۇل (مەن پالانى ئۇلۇغ، ياخشى كىشىنىڭ ئەۋلادى) دەپ يۈرمەي ھۈنەر ئۆگەنگىن. شان - شەرەپ - ئەقىل ۋە ئىلىم ئەخلاق بىلەن كېلىدۇ.»

ئونىنچى، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىش.

«ئەي ئوغۇل، تىرىشىپ ئىجتىھات قىلىپ تۈرلۈك ئىلىملەردىن خەۋەردار بول. تۈرلۈك ئىلىملەرنى ھاسىل قىلماقچى بولساڭ ئالىملارنىڭ ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ ماڭغان يولىغا

كىرىپ، ئۇلاردىن ئۆگەنگىن، كامىل بىر ئۇستازنىڭ خىزمىتىگە (تەربىيىسىگە) كىرىپ ئىلىم ھاسىل قىلىشىڭ لازىم. شۇنداقلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دۆلىتىگە ئېرىشكەيسەن. ھەر قاچان ئىلىم ھاسىل قىلىشقا تىرىشساڭ باشقا ھۈنەرلەرگە ئېھتىياجىڭ چۈشمەيدۇ. ئىلىم ھاسىل قىلىش يولىغا قەدەم قويساڭ ناچار ۋە يامان ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى ساقلىشىڭ كېرەك. ھەق - ناھەقنى، ھالال - ھارامنى ئايرىپ ئېلىشىڭ لازىم»

« ... كىتاب ئوقۇشقا، ئوقۇغان كىتابلاردىن چۈشەنگەنلىرىڭنى ۋە ئۇستازلىرىڭدىن ئۆگەنگەنلىرىڭنى يېزىۋېلىشقا ھېرىس (ئامراق) بولغىن. ھېچقاچان كىتاب ئوقۇشتىن، يېزىشتىن بوشانما، ۋاقتىڭ بوش ئۆتۈپ كەتمىسۇن. ئوقۇغانلىرىڭنى تەكرارلا ۋە يادلا. سەن بىلمىگەن ئىلىمنى بىراۋدىن ياكى ئۇستازلىرىڭدىن ئاڭلىغاندا پەملەپ چۈشىنىۋالغىن، ئىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىپ مۇھەببەت باغلا، ئىلىم ئەھلى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىن. ئالىملار مەجلىسىدە ئولتۇرساڭ ئەدەپ ساقلا، ئىلىم ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلما، ئۇستازنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈپ ھەققىنى ئادا قىل. ھەر قاچان يېنىڭدا كىتاب، قولۇڭدا قەلەم، يېزىق دەپتىرىڭ بىللە بولسۇن. ئاڭلىغان ئىبرەتلىك سۆز ھېكمەتلەرنى يېزىپ قوي. ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋاقىتلىرىڭدا ئىلىم ئەھلىدىن بۆلەك نادان ئادەملەر بىلەن ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولما. بۇنداق ئۇسلۇبقا رىئايە قىلغان ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئەلۋەتتە ئازغىنە زاماندا ئالىملار جۈملىسىدىن بولىدۇ»

«ئەي ئوغۇل ئۆزۈڭنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىگە سېلىشتۇرۇپ قايغۇرما، ھەر قاچان ئۆزۈڭدىن تۆۋەن مەرتىۋە، تۆۋەن تۇرمۇشتىكىلەرگە قاراپ ئۆز تۇرمۇشۇڭغا شۈكۈر قىل. ئەگەر سەن يوقسۇل ئىكەنسەن، ئەقىل - ئىلىمىڭ، ھۈنەر - كەسپىڭ بولسا بايسەن. چۈنكى، ئەقىل - بىلىم، مال - مۈلۈك، بايلىقتىن ياخشى. ئەقىل - بىلىم بولسا بايلىق ئۆزى كېلىدۇ. لېكىن، ئەقىلنى، بىلىمنى، پۇلغا سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ. بىلىم بولمىسا مال - مۈلۈك، بايلىق قولدىن كېتىدۇ، تۈگەيدۇ. ئەمما، ئەقىل - بىلىم داۋاملىق سەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ.»

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «قابۇسنامە» دە قىز پەرزەنتنى ئالاھىدە ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلىش توغرىسىدىمۇ مۇنداق بايان قىلىنغان:

« ... قىز بالىنىڭ تەربىيىسى يەنە ئالاھىدىدۇر. ئەگەر قىز بالاڭ بولسا ئالدى بىلەن ئۇنى ئىپپەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق بىر تەربىيىچىگە تاپشۇر، ئاندىن كېيىن مۇئەللىمگە ئوقۇشقا بەر، زۆرۈر ئىلىملەرنى ئۆگەنسۇن، ھالال - ھارامنى پەرق ئەتسۇن، ھەق - ناھەقنى بىلىۋالسۇن.»

«قابۇسنامە» دە بايان قىلىنغان يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، شەمسۇلمائالى ۋە شىېگىر قابۇسنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ زۆرۈلۈكى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئاقىللاردىن تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىپ كېيىنكىلەر ئۈچۈن مىراس قالدۇرۇش، ئەخلاق - پەزىلەتلىك، ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇش توغرىسىدا داۋاملىق تەربىيە بېرىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئىلىم ئىگىلەشتە كەمتەر بولۇش، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، مەغرۇرلانماسلىق، قانائەتلىنىپ قالماسلىق، چېكىنمەسلىك، ئۆگىنىشنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي بىلىم ئىگىسىگە ئايلىنىپ ئالىملار قاتارىدىن

ئورۇن ئالغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىلىم ۋە ھۈنەرنى مال - دۇنيا، بايلىقتىن ئۈستۈن قويۇش كېرەك. بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىجتىھات قىلىش، بىلىم بولىسلا مال - دۇنيا ئۆزلىكىدىن كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، پەرزەنتلەرگە سۆز ۋە ھەرىكەتتە گۈزەل بولۇش، مېھمان دوست، خۇش پېئىل بولۇش، كەيپ - ساپاغا بېرىلمەسلىك، ھالال ئەمگەك قىلىپ، توغرا يولدا مېڭىپ مال - مۈلۈك يىغىش، ئۇنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، بالىلارغا زۆرۈر ئىلىم ۋە ھۈنەر - كەسىپنى ئۆگىتىشتىن سىرت زۆرۈر ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش، يەنى ئوۋ ئوۋلاش، ئات مىنىش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئەسەردە ئىسلام ئەقىدىچىلىكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئەينى دەۋردە ئالىم زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ قىز پەرزەنتلەرنىمۇ ئوقۇتۇپ، بىلىملىك قىلىشتىن ئىبارەت قىممەتلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. زامانداشلىرىغا نىسبەتەن ئوقۇمۇشلۇق، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ نادىر ئۇستىسىنى شەمسۇلمائالى ۋەشمېگىر قابۇس ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي ھېكمەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئىستىكىدە، ئانا تىلىنىڭ گۈزەل ھەم پاساھەتلىك دۇردانىلىرى بىلەن سەھىپە تۈزەپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھايات تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بۇ دىداكتىك داستاننى يېزىپ، ئەينى دەۋردىكى ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەسەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پەند - نەسىھەتلەر بىلەن ئەينى دەۋردە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى، دۇنيا ئەدەبىيات سەنئەت گۈلزارلىقىدىكى بىباھا گۆھەر دەپ تەرىپلەنگەن بولسا پەرزەنت تەربىيىسى ھەر بىر ئاتا - ئانىنىڭ ئەڭ باش قاتۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغان، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى دەپ قارىلىۋاتقان ھازىرقى دەۋردىمۇ يەنىلا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە.

# يەر نامىلىرى توغرىسىدا

## نىياز كېرىمى

### لوپ ۋە لوپنۇر كۆلى دېگەن يەر نامىلىرى توغرىسىدا

لوپنۇر كۆلى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 90 گرادۇس بىر مىنۇت، 47 سېكۇنت بىلەن 90 گرادۇس 27 مىنۇت 45 سېكۇنت ئارىلىقىغا، شىمالىي كەڭلىك 40 گرادۇس ئىككى مىنۇت 43 سېكۇنت بىلەن 43 گرادۇس 43 مىنۇت 38 سېكۇنت ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. كۆلنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 766 مېتىر ئېگىز. لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن جايى بولۇپ، تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە چەرچەن دەريالىرى مۇشۇ جايدا قوشۇلۇپ چوڭ كۆل ھاسىل قىلغان. رۇس ئالىمى پىرژىۋالىسكىينىڭ 1876 ـ ، 1877 ـ يىللىرى لوپنۇر كۆلىنى تەكشۈرۈپ يازغان ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 چاقىرىم (106.7 كىلومېتىر)، كەڭلىكى 20 چاقىرىم (21.34 كىلومېتىر) كېلىدىغان غايەت زور تەبىئىي كۆل ئىكەن. يېقىنقى يىللاردا بۇ كۆلگە قۇيۇلىدىغان دەريا سۇلىرى يۇقىرى ئېقىندىلا تىزگىنلىنىپ كەتكەچكە، 60 ـ يىللاردىن كېيىن كۆل سۈيى تەدرىجىي قۇرۇپ، كۆل ئورنى ھازىر قۇرۇق قاقاس شورلۇققا ئايلاندى.

لوپنۇر كۆلى «خەننامە» دە (پوچاڭخەي) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ۋىيچىڭ («شىنجاڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش خاتىرىسى ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى» ناملىق كىتاب، 57 ـ بەتكە قاراڭ.) بۇ ۋىيچىڭ ئەپەندى يەنە: «〈بىز ئەلۋەتتە پوچاڭ〉…نى ئەسلى 〈پىچان〉نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى دېيىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن (شۇ كىتاب 31 ـ بەت ۋە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1993 ـ يىل 21 ـ ئاپرېل سانى).

دېمەك، «پوچاڭخەي» ئەسلى ئۇيغۇرچە «پىچانكۆل» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. پىچان دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى توغرىسىدا «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دېگەن كىتابتا «پىچان قەدىمكى تۈركىي تىل بولۇپ ئوت ـ چۆپ نامىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئىمىن تۇرسۇن يازغان «تارىمدىن تامچە» ناملىق كىتابتا 〈پىچان〉 قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ مەنىسى يىكەنلىك دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. («تارىمدىن تامچە» 427 ـ بەتكە قاراڭ).

لوپنۇر كۆلى «تارىخىي خاتىرىلەر پەرغانە تەزكىرىسى» دە شوركۆل دەپ خاتىرىلەنگەن. («تارىخىي خاتىرىلەر» 490 ـ بەت.) يەنە شۇ كىتابنىڭ ئىزاھات قىسمىدا: «بۇ كۆلنىڭ سۈيى شورلۇق بولغاچقا، شوركۆل دەپ ئاتالغان» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ كۆل تارىختا يەنە «لوپ كۆلى» دەپ ئاتالغان. يەرلىك پىشقەدەم ئۇيغۇرلار ھېلىمۇ «لوپ كۆلى» دەپ ئاتايدۇ. تارىختا لوپ رايونىدا يەنە «لوپ شەھىرى» دېگەن ئاۋات شەھەرمۇ بولغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىمۇ «لوپ دەرياسى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن باشقا لوپ لەڭگەر (لوپ چاڭزا) لوپ ناھىيىسى (خوتەندە) دېگەن جايلار بولغان. ئۇنداقتا لوپ كۆلى دېگەن ئىسىم قاچان

پەيدا بولغان؟ بۇ ھەقتە ئۇچۇق يازما ھۆججەت تېپىلمىغان بولسىمۇ، لوپ كۆلى دېگەن ئىسمىنىڭ «لوپ شەھىرى» دېگەن ئىسىم پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بار ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، شەھەر تەبىئىي دەريا، كۆل قاتارلىقلاردىن بۇرۇن پەيدا بولمايدۇ.

مىلادى 1276 - يىلى لوپ ئويمانلىقىدىن ئۆتكەن ساياھەتچى ماركوپولو ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دە «چەرچەندىن چىقىپ بەش كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ چېتىدىكى رابات لوپقا بارغىلى بولىدۇ، لوپ چۆللۈكنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان. ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. چۆلدىن ئۆتكەن كارۋانلار ئومۇمەن راباتتا بىر مەزگىل يېتىپ دەم ئالىدۇ» دەپ يازغان. («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1994 - يىل 2 - ماي) بۇنىڭدىن لوپ رايونىدا تارىختا يەنە لوپ دەيدىغان ئاۋات شەھەر بولغانلىقىنى، كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا «لوپ كۆلى» دېگەن نامنىڭ 1000 يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«لوپ» نىڭ تىل تەۋەلىكى توغرىسىدا: «غەربىي ئەللەر سۇ ئېقىنلىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسەردە «تارىم دەرياسى» يەنە شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) تىلىدا لوپ «سۇ يىغىلىپ قالغان جاي دېگەننى بىلدۈرىدۇ» دېيىلگەن، («تارىمدىن تامچە» 428 - بەت).

1893 - يىلى تۇنجى قېتىم ئاسىيانى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان شۋېتسىيىلىك سەيياھ سۋېن ھېدىن: «ئاخىر كۆل، قارا كۆل، تايىق كۆل ۋە ئارچا كۆل قاتارلىق تۆت كۆلنىڭ تۇتاشقان جايى جۇڭگونىڭ جۇغراپىيە كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان لوپنۇر كۆلى بىلەن ماس كېلىدۇ» دەيدۇ. («يىپەك يولىدىكى 99 سىر» 49 - بەت.) بۇنىڭدىن «لوپ» سۆزى تارىختا تەبىئىي كۆللەرنىڭ قوشۇلغان جايى دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ نام شۇ كۆل جايلاشقان يۇرتنىڭ نامى ئورنىدا قوللىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخشۇناس موللامۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىي» دە «ئالتە شەھەرنىڭ شەرق ۋە جەنۇب بۇرجىكىنىڭ ئارىلىقىدا لوپ دېگەن مەشھۇر چوڭ زېمىن بار. لوپنىڭ شەرقىي چېگرىسى لەنجو تەۋەلىكىدىكى سۇجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جوچۈەن ۋىلايىتى). ساجو (دوخان) شەھەرلىرىگە ئۇلىنىدۇ. شىمالىي چېگرىسى بولسا قۇمۇل، تۇرپان، كورلا قاتارلىق جايلارغا چېگرىداش. غەربىي تەرىپى بولسا شاھيار (ياشا)، چەرچەن، خوتەن، لاسا، چابە دېگەن ۋىلايەتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ زېمىن ناھايىتى كەڭرى بىر جايدۇر. بۇ زېمىندىن خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، كورلا دەريالىرى (تارىم دەرياسى) ئۆتىدۇ» دەپ يازىدۇ. («تارىخى ھەمىدىي» 703 -، 704 - بەتلەرگە قارالسۇن).

«تارىخى رەشىدىي» نىڭ مۇئەللىپى مىرزاھەيدەر «لوپ» دېگەن جايدا 17 چوڭ شەھەر بولغان. شەھرى كىتىك، شەھرى تەركەن، شەھرى چەرمەن ۋە ۋاششەھرى دېگەن شەھەرلەر بولسا، ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دەپ يازىدۇ. («تارىخى رەشىدىي» 703 - بەت).

ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن قارىغاندا ۋاششەھرى قەدىمكى لوپ شەھرى بولۇشى مۇمكىن. («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1994 - يىلى 2 - مارتتىكى سانىغا قارالسۇن).

ھازىر لوپنۇر ئويمانلىقىدا، لوپنۇر كۆلى، لوپ لەنگەر (لوپچاڭزا) لوپنۇر ناھىيىسى،

«لوپ مەھەللىسى» دېگەن ناملار بار. خوتەندە لوپ ناھىيىسى بار.

لوپنۇر كۆلى — لوپقا (لوپنۇر ئويمانلىقىغا) جايلاشقان كۆل بولغاچقا ئەسلىدە «لوپ كۆلى» دەپ ئاتالغان. لوپنۇر دېگەن بۇ نام مىلادى 1772 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ دوغىلات قەبىلىسى روسىيىدىكى دىنېپىر دەرياسى ياقىسىدىن كۆچۈپ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان.

لوپنۇر ناھىيىسى دېگەن نامغا كەلسەك، تارىختا بۇگۈنكى لوپنۇر بازىرى «كۆنچى» دەپ ئاتىلاتتى، 1898 ـ يىلى قاراقۇرۇم (ھازىرقى ناھىيە بازىرىدىن 20 يول شىمالىدا) نى ناھىيە مەركىزى قىلىپ «شىن پىڭ شەن» دەپ نام بېرىلگەن. مەنىسى «يېڭى تىنچىتىلغان ناھىيە» دېگەنلىك بولىدۇ. مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (مىلادى 1914 ـ يىلى) ناھىيە مەركىزىنى ھازىرقى ئورنىغا (كۆنچى) گە كۆچۈرۈپ سېپىل سوقۇلغان. يەنە شۇ يىلى «شىن پىڭ شەن» دېگەن ئىسىم يۈننەن ئۆلكىسىدىكى شىن پىڭ شەن ناھىيىسى نامى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغاچقا، «يۈيلى شەن» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ناھىيە بازىرىنى لوپنۇر دەپ ئاتاش قارار قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ناھىيىنى خەنزۇلار «يۈيلى شەن»، ئۇيغۇرلار «لوپنۇر ناھىيىسى»، «كۆنچى ناھىيىسى» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لوپنۇر دېگەن ئىسىم لوپنۇر كۆلىنىڭ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ۋە لوپنۇر بازىرىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. ئەسلىدىكى كۆنچى دېگەن نام ھېلىمۇ يوقاپ كەتمىدى.

لوپچاڭزا دېگەن ئىسمغا كەلسەك بۇ جاي ئىلگىرى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى بولۇپ لوپلەڭگەر دەپ ئاتىلاتتى. لوپچاڭزا دېگەن ئىسىم لوپلەڭگەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدۇر.

## يالغۇز ئوغۇلنىڭ ئۆستىڭى سىڭگىم دېگەن يەر نامى توغرىسىدا

سىڭگىم: تۇرپاندىكى بىر يېزىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ نام توغرىسىدا يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار.

قەدىمكى زاماندا «يالغۇز ئوغۇل» دەپ ئاتالغان بىر باھادىر بولۇپ، قارا يۈزى ئېقىنى (تەڭرى تاغنىڭ بىر قىسمى بولغان چالقان تېغىدىن چىقىدىغان ئېقىنلارنىڭ بىرى) نىڭ سۈيىنى لۈكچۈنگە (لۈكچۈن ئەينى چاغدا تۇرپان رايونىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى ئىكەن، ھازىر پىچاننىڭ بىر يېزىسى) ئاپىرىش ئۈچۈن قارا يۈزى ئېقىنىنىڭ باش قىسمىدىن لۈكچۈنگە قاراپ ئۆستەڭ چېپىپ ماڭغانىكەن. يالغۇز ئوغۇلنىڭ كەتمىنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئېغىرلىقى 7 پاتمان (بىر پاتمان 3. 57 كىلوگرام) كېلىدىكەن ئۇ كۈنىگە بىر تۆگە نان يەيدىكەن، ئىشلىگەندە كېيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ ئىشلەيدىكەن، ئانىسى ھەر كۈنى بىر تۆگە نان ئەكېلىپ بېرىدىكەن. ئۇ ئانىسىغا نان ئەكېلىدىغان تۆگىنىڭ بوينىغا بىر قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇپ، قوڭغۇراقنى تۆگىنىڭ بوينىدىن ئاجراتماسلىقنى تاپىلايدىكەن. ئانىسى يېقىنلاپ كەلگەندە قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىۋالىدىكەن. ئەھۋال مۇشۇ تەرىقىدە بىر نەچچە يىل داۋاملىشىپ، ئۆستەڭ پۈتەي دېگەندە، بىر كۈنى ئانىسى بالامنىڭ تۆگىگە قوڭغۇراق ئېسىپ كەلگىن دېيىشىدە بىر سىر بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، تۆگىگە قوڭغۇراق ئاسماي بېرىپ باقماقچى بولۇپتۇ، كېلىپ قارىسا،

بالىسى قىپيالىڭاچ ھالەتتە ئىشلەۋاتقۇدەك. ئانىسىدىن قاتتىق ئۇيالغان يالغۇز ئوغۇل «ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ» دەپ باشقا يۇرتقا باش ئېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن كېپىشبەگ (لۆكچۈننىڭ بېگى) نۇرغۇن ھاشار توپلاپ ئۆستەڭگە سۇ باشلىغانىكەن، سۇ ئېقىپ ھازىرقى سىڭگىمنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىپ ئاياغ تەرەپكە ئاقمىغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي «سۇ سىڭگەن» دەپ ئاتالغانىكەن. ئەسىرلەر، يىللار داۋامىدا ئۆزگىرىپ، «سىڭگىم» بولۇپ قالغانىكەن.

يالغۇز ئوغۇل چاپقان بۇ ئۆستەڭنىڭ خارابىسى ھېلىمۇ تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە «يالغۇز ئوغۇلنىڭ ئۆستىڭى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئاستى كەڭلىكى 6 ـ 7 مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى 14 ـ 15 مېتىر. چوڭقۇرلۇقى ئادەم بويى، قارا يۇزىدىن لەمجىنگە سوزۇلغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر كېلىدۇ.

# ئالدىنقى سان ئۈچۈن تۈزىتىش

كومپيۇتېر مەشغۇلاتى جەھەتتىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئۇقۇم ۋە ئىملا جەھەتتە بەزى خاتالىقلار كۆرۈلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

مۇندەرىجە ئىككىنچى بەت تۆۋەندىن 8 ـ قۇر «ئۈچىنچى بېتىدە» نىڭ توغرىسى «ئىككىنچى بېتىدە»، 9 ـ قۇر «ئىككىنچى بېتىدە» نىڭ توغرىسى «ئۈچىنچى بېتىدە».

7 ـ بەت يۇقىرىدىن 10 ـ قۇر «يېتۈك» نىڭ توغرىسى «يېتۈك»، 10 ـ بەت تۆۋەندىن 2 ـ قۇر «ئىھسات» نىڭ توغرىسى «ئېھسان»، 47 ـ بەت ئاستىدىن 9 ـ قۇر «تۈپ» نىڭ توغرىسى «تۇرۇپ»، 48 ـ بەت يۇقىرىدىن 16 ـ قۇر «سەئىمەيە» نىڭ توغرىسى «سەئىدىيە»، يەنە شۇ بەت تۆۋەندىن 13 ـ قۇر «غەلىبىسىدنى» نىڭ توغرىسى «غەلىبىسىدىن»، 54 ـ بەت يۇقىرىدىن 14 ـ قۇر «مىرىزا» نىڭ توغرىسى «مىرزا»، «بېڭى» نىڭ توغرىسى «بېگى»، يەنە شۇ بەت تۆۋەندىن 5 ـ قۇر «سېنى» نىڭ توغرىسى «سىز»، 55 ـ بەت يۇقىرىدىن 11 ـ قۇر «ۋاقىتلىرىدىن» نىڭ توغرىسى «ۋاقىتلىرىنى»، 57 ـ بەت تۆۋەندىن 1 ـ قۇر «مەسۇردىن» نىڭ توغرىسى «مەنسۇردىن»، 58 ـ بەت يۇقىرىدىن 8 ـ قۇر «ئابدەدەرۇ» نىڭ توغرىسى «ئابدەدۇر»، يەنە شۇ بەت يۇقىرىدىن 19 ـ قۇردىكى «بۇخاردىكى» نىڭ توغرىسى «بۇخارادىكى»، يەنە شۇ بەت تۆۋەندىن 13 ـ، 14 ـ قۇرلاردىكى «ئەسەر» نىڭ توغرىسى «ئەسەد»، 71 ـ بەت يۇقىرىدىن 17 ـ قۇر «نىزامىدىن» نىڭ توغرىسى «نىزامىددىندىن»، 75 ـ بەت تۆۋەندىن 16 ـ قۇردىكى «تەرەپلەر» نىڭ توغرىسى «تەرەپلىمىلىك»، 85 ـ بەت تۆۋەندىن 23 ـ قۇر «ماقار» نىڭ توغرىسى «ماجار»، 86 ـ بەت يۇقىرىدىن 14 ـ قۇر «ۋاقىبىرى» نىڭ توغرىسى «ۋامبىرى»، يەنە «سۆزلەشتى. ئارتۇقچە» نىڭ توغرىسى: «سۆزلەش ئارتۇقچە»، 87 ـ بەت يۇقىرىدىن 5 ـ قۇر «ئەرەبلەرنىڭ» نىڭ توغرىسى «ئەرەبلەرنى»، 100 ـ بەت تۆۋەندىن 4 ـ قۇر «بىكەند توغرىسىدا دەريانىڭ ئۇ ساھىلىدىن بۇ ساھىلىغا زەنجىر قارىتىلغانىدى» نىڭ توغرىسى «بىكەندتە دەريانىڭ ئۇ ساھىلىدىن بۇ ساھىلىغا توغرىسىغا زەنجىر تارتىلغانىدى».

مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ شۇ بويىچە تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە بۇ سەۋەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۆزۈر سورايمىز.






# بۇلاق

源泉（布拉克）（维吾尔文）总 71 期

(قوش تىللىق ژۇرنال) ئومۇمىي 71- سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348- نومۇر)
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەتئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1050/1
本刊代号：58—108　定价：4.50元
ISSN 1005—0876/国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1050/1
ۋاكالەت نومۇرى: 58—108. باھاسى: 4.50 يۈەن
چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118

ISSN 1005-0876

04>

9 771005 087006